# شىنجاڭ ياشلىرى

新疆青年

2016·3

Xinjiang Youth



ISSN 1002-9109
07>

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# 2015.4.18

## شىنجاڭ تۇمارىس سودا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى!

2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سەھەردىلا ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي يولى 126 ـ نومۇر شەرقىي ئايلانما بازىرىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان كۆلىمى 7472 كۋادرات مېتىر بولغان مەيداندا نەچچە يۈزلىگەن تۇمارىسلىقلار تەسۋىرلىگۈسىز ھاياجان ئىلكىدە ئەڭ تەنتەنىلىك دەقىقىلەرنى كۈتۈۋالدى. چۈنكى بۈگۈن ئۇزاق ۋاقىت پۇختا ئويلىنىش، پىلانلاش، نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلارنى مۇجەسسەملىگەن تۇمارىس سودا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش، لېنتا كېسىش، ئۇلىغا تۇپا تاشلاش مۇراسىمى!!!

ئۇ تۇمارىسلىقلارنىڭ، تۇمارىس جەمەتىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇ ـ ئارمانلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەم تاپقۇزغان چوڭ قۇرۇلۇش، مىللىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئۈلگە نامايەندىسى بولغان كاتتا ئىمارەت، ھەممە ئۇنىڭدىن شاتلانغۇسى، خۇشاللىق تاپقۇسى!

تارىختىن بۇيانقى شانلىق ناملارنى قالدۇرغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسايوف جەمەتى، تاشاخۇنۇملار جەمەتى، مەخسۇت مۇيىتىلار جەمەتىدەك مۆتىۋەر سودىگەرلەرنىڭ ئىزىنى بويلاپ مېڭىۋاتقان ئابلەت ھاجىم جەمەتى چوڭ ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ خەلق مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ئۇزۇن يىللىق كۈرەشلەر ئارقىلىق تىكلىگەن نەتىجىلىرى بىلەن ئاۋامنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى، تۇمارىس سودا سارىيى بىز تۇمارىسلىقلارنىڭ، ئاۋام ـ خەلقىنىڭ گۈزەل تىلەكلىرى يۇغۇرۇلغان بۈيۈك قۇرۇلۇش! تۇمارىسلىقلار بۇ بۈيۈك قۇرۇلۇش ئارقىلىق پۈتۈن جامائەت بىلەن ئورتاق قاناتلىنىپ گۈزەل كېلەچەكنىڭ ئورتاق شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ!

مۇراسىمغا ھەر ساھە زاتلار قاتنىشىپ، بۇ قۇتلۇق مىنۇتلاردىن تەڭ شادلىنىپ ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى ئىپادىلەشتى! سامالار ئويلىنىپ شادىيانە ئۇسسۇللار ھەممىنى ھاياجانغا سالدى! قەدىمىڭگە مۇبارەك تۇمارىس سارىيى!!!



### شىنجاڭ تۇمارىس سودا سارىيىنىڭ قىسقىچە چۈشەندۈرۈلۈشى

شىنجاڭ تۇمارىس سودا سارىيى بولسا شىنجاڭ قورغاس سودا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى 500 مىليون مەبلەغ سېلىپ قۇرۇۋاتقان سودا، ئىشخانا، تۇرالغۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، ساياھەت بىر گەۋدىلەشكەن، جەمئىي 30 قەۋەت، ئېگىزلىكى 108 مېتىر بولغان ئونىۋېرسال ئىقتىدارلىق قۇرۇلۇش گەۋدىسى، ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي يولى 126 ـ نومۇر شەرقىي ئايلانما بازىرىنىڭ ئۇدۇلىغا جايلاشقان بولۇپ، خەلقئارا چوڭ بازار بىلەن قوشنا كېلىدۇ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 7472 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ساراي قۇرۇلۇشى 2015 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى رەسمىي باشلىنىپ، 2018 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تىجارەت باشلىشى مۆلچەرلەنمەكتە.

# قىزلار بىلەن گۈزەل بۇ جاھان

◉ مەھمۇدجان خوجا ئۈمىدۋار

مېھرى باركى، زىمىستان باھار،
مېھرى بىلەن گۈزەل بۇ جاھان.
قىز ـ ئاياللار بولسا بىغۇبار،
يۈرەكلەردە قوزغار ھاياجان.

لىباسلاردا كۆركى، جۇلاسى،
كۆزلىرىدە شەرمى ـ ھاياسى،
يۈرىكىدە ئوتلۇق نىداسى،
قىزلار بىلەن گۈزەل بۇ جاھان.

قىزلار بېرەر سۆيگۈدىن نىشان،
مەرد يىگىتكە بولار ھەم جانان.
ئۇلۇغ ئانا بولار ئۇ ھامان،
قىزلار بىلەن گۈزەل بۇ جاھان.

پەرزەنت ئۈچۈن ئانىلار قۇياش،
نى ئەلەمگە بېرىدۇ بەرداش،
كۆزلىرىدىن ئاققۇزمايلى ياش،
قىزلار بىلەن گۈزەل بۇ جاھان.

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ نەشر ...كارى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# CONTENTS مۇندەرىجە


## باشلام سۆز

قىزلار بىلەن گۈزەل بۇ جاھان ........ مەھمۇدجان خوجا ئۇمدۋار

## ياشلىق خاتىرىسى

يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز ........ ئالىم كېرىم كۆكئالپ 4

## سىرداشلار سەيلىگاھى

ياشلىقنى نېمىگە تېگىشۋاتىسىز ........ غۇنچەم سەمەت 8

زامانىۋى دەۋردىكى ئايالالار ........ مېھرىگۈل نىيازمۇھەممەت 13





نەشرىيات باشلىقى: يۈ شيۇخۇا

نەشرىيات باش مۇھەررىرى: جۇرئەت سەيپۇل

نەشرىيات مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مجىت تۇرسۇن




«يۇلتۇز - قۇندۇز خەير - ساخاۋەت فوندى»نىڭ
قۇرغۇچىلىرى يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز
(ئۈرۈمچى جۇپ قول كەسپىي سۈرەتخانىسىدا تارتىلغان)

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
新疆青年维文部编
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر گېزىت - ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
新疆青少年报刊社出版

(ئومۇمىي 610 - سان)

يېرىم ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال (3 - 2016)

ئىجرائىيە باش مۇھەررىرى:
ئەسقەر ياسىن

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:

تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئالىم كېرىم كۆكئالپ

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى، تېخنىك رېداكتور:
ئەنەسجان مۇھەممەت

مەسئۇل كوررېكتورى:
نۇرگۈل روزى
دىلنۇر ھېمىت (تەكلىپلىك)

ئېلان بۆلۈمى مۇدىرى: ھەسەنجان ئابدۇراخمان
تېلېفون: 13899959734

پوچتا نومۇرى : 830002
ئېلان ئىجازەت نومۇرى:
6500006000034

شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
新疆八艺印刷厂印刷
ژۇرنال نامىنى ئابلىكىم ئەمەت يازغان

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国际标准连续出版物号): ISSN1002 - 9109
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى:
(国内统一连续出版物号): CN65 - 1029/C
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: (邮政代码) 58 - 50
پوچتا نومۇرى: (邮政编码) 830002
مۇشتەرى باھاسى: (定价/元) 8.00 يۈەن
پارچە باھاسى: (定价/元) 10.00 يۈەن

地址：乌鲁木齐市建设路324号成基大厦6楼601室

دەۋر تەلىپى / ياشلار روھى / بىلىم بۇلىقى / ئەقىل ئوزۇقى / ئۈمىد چىرىغى / كۆڭۈل ھوزۇرى










بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى

## جىنايەت ۋە جازا


ۋەتەن قەدرى ................... تەلئەت ئاتاۋۇللا ئۆزخان 17


## يارقىن سىيمالار


شائىرلىرىمىزنىڭ چاقچاقلىرى........ مۇھەممەد شاۋۇدۇن 22


## سېھىرلىك دۇنيا


مۇكەممەل ئايال .......................... قەلبىنۇر قاھار 30
مېنى ھەرگىز يىتتۈرۈپ قويما ..... پەرىدە ئابدۇرېھىم (چالىقۇشى) 31


## يىپەك يولىدىن سۆز


ئاتاقلىق ئۇيغۇر تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ...... ئابلەت نۇردۇن 34
ئۇيغۇرلاردا تونۇر ۋە نان مەدەنىيىتى ............ تۇرسۇن مەخمۇت 36
«ئىلى» نامى توغرىسىدا ......................... غالىب بارات ئەرك 42


## ئەدەبىيات ئالىمىدە


فرانسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ... ئىلھام مۇھەممەد 45
پاستېرناكنىڭ سۆيگۈ ھەسرىتى ........................................ 50


## يارقىن يۇلتۇزلار


تەلەپچان ئۇستاز، ھارماس تەتقىقاتچى ....... تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى 56


## سۇبھى


بوشلۇقتىكى باغچە ............... (نەسر) ................ تەلئەت قادىرى 60


## تۇرمۇش گىزىتى


ماروژنىنى كۆپ يېمەڭ / بانان پوستىنىڭ شىپالىق رولى / يالغان كىرپىك.
نىڭ زىيىنىنى بىلەمسىز؟ / كولانىڭ بىر قانچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ..... 62


## خەتتاتلار مۇنبىرى


ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن ...................... ئېلى تۇرسۇن ئەلتۇغ 64

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز

◉ ئالىم كېرىم كۆكئالىپ



## سەبىيلىكتىكى ئارزۇ ئۆزگەردى

يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز كىچىكىدىن تارتىپ ئۇس-
سۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى، چۈچۈك تىلى بى-
لەن: «بىز چوقۇم داڭلىق ئۇسسۇلچى بولىمىز» دې-
يىشەتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ، بوۋا - مومىلىرىمۇ بۇ
بىر جۈپ ئوماقنى ئۇسسۇل ئويناشقا رىغبەتلەندۈ-
رەتتى، ئىككىسىنىڭ شەيتان قىلىقلىرىدىن ھۇزۇر
ئالاتتى. چوڭلار ئائىلىدە ئىككىسىنىڭ ئۇسسۇل مە-
شىق قىلىشىغا تولۇق شارائىت يارىتىپ بەردى، ئەم-
ما بۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرغىلى
بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن دادىسى ئۇلارنى شىنجاڭ
سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم بۆلۈمىگە
ئوقۇشقا بەردى. ئەمدى بۇ بىر جۈپلەرنىڭ ئۇسسۇل
ئۆگىنىشىگە تولۇق ئاساس سېلىندى. بىرقانچە يىللىق
ئوقۇش 2001 - يىلى تاماملاندى، ئاچا - سىڭىل
ئىككەيلەن سابىق جۇڭگو ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمى-
كى(ھازىر جۇڭگو شەرق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى
دېيىلىدۇ)گە تاللىنىپ كەسپىي ئۇسسۇلچى بولدى.
ئۇلار مەركەز تەشكىللىگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ
تەركىبىدە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ سەھنى-
لەردە ئۆزلىرىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلدى. ئۇلار-
نىڭ سەھنىدىكى ماھارىتى كۆنسېرى پىشىپ يېتى-
لىپ، كوللېكتىپ ئۇسسۇللاردا باش ئۇسسۇلچى بو-
لىدىغان بولدى. تايلاند، كورېيە، سىنگاپور قاتارلىق
دۆلەتلەردە قويۇلغان ئويۇنلاردا زور ئالقىشقا ئې-
رىشتى؛ 2001 - يىلى ۋە 2002 - يىلى مەدەنىيەت
مىنىسترلىقىنىڭ «دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك تۆھپە
مۇكاپاتى»غا نائىل بولدى.

ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردىكى تە-
رەققىي قىلغان مۇھىتنى جىق كۆرگەن يۇلتۇز بىلەن
قۇندۇز بىلىم ئېلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تولۇق
چۈشىنىپ يەتكەندى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ يۇ-
قىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئىستىكى ئىگىلىۋالدى. قاد-

داق قىلىش كېرەك؟ بېيجىڭدىكى ئىدارىسىمۇ ناھايىتى ياخشى، ئىككەيلەنمۇ ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىپ، ئىدارىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشكەنىدى. بىراق، ئارزۇغا بىرنېمە دەپ بولغىلى بولمايدۇ، ئۇلار كەسكىنلىك بىلەن خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىششنى قارار قىلىشتى. 2003 - يىلى ئۇلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۈچ ئاي ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتى. ئارزۇ جەدۋىلىگە تىل تۈرىدىكى كەسپلەرنى تولدۇرغان بۇ ئاچا - سىڭىلغا جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەل تىلى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغانلىق ئوقتۇرۇشى كەلدى.

يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز 2003 - يىلى 9 - ئايدا بىر يىل تەييارلىقتا ئوقۇش ئۈچۈن جېڭجۇدىكى خۋاڭخې پەن - تېخنىكا ئىنستىتۇتىغا كەلدى. ئىككەيلەن تەييارلىق باسقۇچىدىكى بۇ بىر يىللىق ئوقۇشنى بەكمۇ قەدىرلىدى. «تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، ياتاقنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن دائىم كارىدورغا چىقىپ ئۆگىنىش قىلاتتۇق. ھېلىمۇ ئېسىمدە، دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۆتۈلگەن ماتېماتىكا مەزمۇنلىرىنى چۈشىنىشتە بەكمۇ قىينىلاتتىم، بەزىدە يىغلاپمۇ كېتەتتىم» دەيدۇ يۇلتۇز.

«قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دەيدۇ كونىلار. ئىزچىل تىرىشىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ نەتىجىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەتتا ئوقۇش ھەققىنىڭ يېرىمى مۇشۇ سەۋەبتىن كەچۈرۈم قىلىندى، ئوقۇش مۇكاپاتىغىمۇ ئېرىشتى. كەسپ ئۆگەنگەن تۆت يىلدا ئۆزىدىكى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش روھىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتكۈزدى. 2008 - يىلى ئىككەيلەن باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ئېلىش بىلەن بىرگە، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىغا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىندى. ئۇلارنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى سانائەت بايلىقى ئىقتىساد كەسپى ۋە بايلىق باشقۇرۇش كەسپى ئىدى. ئاسپىرانتلىق ئوقۇشمۇ ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز بىلىم تەلەپ قىلىش ئارزۇيىغا ئۇيغۇن ئىدى.

2010 - يىلى يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئامېرىكىغا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، ئامېرىكا پارلامېنتى تارقاتقان شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. شۇ يىلى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، ئامېرىكا پېنسىلۋانىيە ئىشتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇقتا ئوقۇش ئوقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ئامېرىكا ئاجايىب بىر دۇنيا، ئەمما بۇ ئاچا - سىڭىللار ئامېرىكىدىن ئىبارەت رەڭگارەڭ دۇنيادا تەمتىرەپ قالماي، ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇش يولىدا توختىماي ئىزدەندى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئۇلار جامائەت پاراۋانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ، يېپيېڭى تەسرات ۋە








ئارزۇ - ئارمانلارنى دىلىغا پۈكۈپ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى.

## كۆپنىڭ كۈچى كۆپ

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى جەمئىيەتتىكى ھەربىر كىشىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق. ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان تەسىرلىك ھېكايىلەرمۇ ئاز ئەمەس، بۇنىڭدەك ھېكايىلەرنىڭ ئىچىدە يۇلتۇز بىلەن قۇندۇزمۇ باش رول ئالغان.

www.uyghurkitap.com



دىكى مەلۇم فوندى جەمئىيەتكە بېرىپ، ئاتايىن ياردەم سورىدى، بۇ فوندى جەمئىيەت ئاچا - سىڭىل ئىككەيلەننىڭ خالىسانە پىداكارلىقىنى قوللاپ، 2015 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان شىنجاڭدىكى قىيىنچىلىقى ئېغىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىئانە توپلاش تورىنى توردا رەسمىي ئېلان قىلدى. بىر كۈندىلا بۇ تورگە يىغىلغان ئىئانە سوممىسى 27 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز بۇنىڭدىن توردا كوللېكتىپ ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۈرەكلىك ھالدا پاراۋانلىق ئىئانە يىغىش پائالىيىتىگە كىرىشىپ كەتتى. جامائەت پاراۋانلىقى ئاچا - سىڭىلنىڭ يۈرىكىدىكى مېھىر - مۇھەببەت تىندۇرمىسىنى يالقۇنجاتتى. قەيەردە قىيىنچىلىق بولسا، قەيەردە ئاپەت يۈز بەرگەن بولسا ئاچا - سىڭىل شۇئان ھال سوراش، ئىئانە توپلاش تورىنى تور ۋە مىكرو بىلوگلاردا قوزغىتىپ، قىسقا ۋاقىتتىلا ياردەمنىڭ دەل جايىغا يېتىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولتۇر (2015 - يىلى) 3 - ئىيۇل گۇما ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئاتالغان ئىئانە توپلاش پائالىيىتىدۇر. ئۇلار قىسقىغىنە ۋاقىتتىلا 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل يىغىپ، ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈپ بەردى. «دوكتورلۇق ئوقۇشىمىزنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىشقا ئورۇنلىشىش يۆنىلىشىمىز تېخى ئېنىق ئەمەس، بىراق بىز جامائەت پاراۋانلىقى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىدىغانلىقىمىزنى جەزملەشتۈرەلەيمىز، ھازىر ئىنگلىز تىلىدىن دەرس ئۆتۈشتىن قىلغان كىرىمىمىز ئارقىلىق پاراۋانلىق ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىمىز كامىل» دەيدۇ ئۇلار. كۆپنىڭ كۈچى كۆپ، ئۇلار بىرقانچە يىل جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىلىرى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈچى بىلەن ياردەمگە موھتاج نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزەلەيدۇ.

جامائەت پاراۋانلىقىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش بىلەن بىللە، ئىئانە قوبۇل قىلغۇچىلاردىن پىكىر ئېلىپ، ئۇلارغا روھىي جەھەتتىن مەدەت بەرگەندە ئۈنۈمنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئەلۋەتتە، تەرەققىي قىلغان رايونلارنى كۆپ كۆرگەن ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بۇ بىر جۈپ قوشكېزەكنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىلغار قاراشلىرى بار ئىدى. ئۇلار بۇ قاراشلىرىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، دەسلەپكى قەدەمدىلا ئاز بولمىغان نەتىجىگە ئېرىشتى.





2013 - يىلى 11 - ئايدا يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز ئۇندىداردىكى «تېڭشۈن جامائەت پاراۋانلىقى سۇپىسى»دىن كۇچالىق 78 ياشلىق يۇنۇس بوۋاينىڭ 23 يىلدىن بۇيان ئېغىر دەرىجىدە مېڭە پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئوغلى ياقۇپنى يۇدۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ ئارىسىدا قاتراپ داۋالىتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. يۇلتۇز بەزى پاراۋانلىق تورىنىڭ ئۇلارغا نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلغانلىقىنى بىلىپ، تور جامائەت پاراۋانلىقى سۇپىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم بېرىشتە ئۈنۈملۈك ۋاستە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئەقىل تېپىپ تور جامائەت پاراۋانلىقى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرماقچى بولىدۇ ھەم شۇ نىيەت بىلەن 2015 - يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار دوكتور ئاسپىرانتلىقىنى پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيەنىڭ تەتقىقات دوكلاتىنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئىلمىي ماقالە يازغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن جامائەت پاراۋانلىقىنى قانات يايدۇردى.

ئۇلار 2015 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يوروق دۇنياغا تەلپۈنۈۋاتقان قىزچاق مۇقەددەس ئۈچۈن بېيجىڭ-

# ئىدىيە ھەممىنى ئۆزگەرتىدۇ

2015 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ نامى ئاستىدا يۇلتۇز ـ قۇندۇز خەير ـ ساخاۋەت فوندى، مەخسۇس تۈر مائارىپ فوندىنى تەسىس قىلدى.

يۇلتۇز ـ قۇندۇز خەير ـ ساخاۋەت فوندىنىڭ ئاساسلىق ياردەم بېرىش ئوبيېكتى چەت، يىراق رايونلاردىكى ئائىلىلار بىلەن بالىلار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق مائارىپ بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇلارغا مەدەنىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى، بىلىم ئارقىلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى. 2015 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ قوشكېزەكلەرنىڭ بۇ فوندى «يۇلتۇز ـ قۇندۇز خەير ـ ساخاۋىتى» نامىدا «تېڭشۈن» جامائەت پاراۋانلىقى خەير ـ ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى، جۇڭخۇا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش فوندى جەمئىيىتى، جۇڭگو نامراتلارنى يۆلەش فوندى جەمئىيىتى، جۇڭگو «9958» بالىلارنى جىددىي قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش ئورنى، تۆۋەنگە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە ھەرقايسى خەير ـ ساخاۋەت ئەترەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەرخىل مەبلەغنى جۇغلاپ ھەم تۈرلۈك ساخاۋەت پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇپ، جەمئىي 870 مىڭ يۈەن ئىئانە يىغدى. بۇ ئىئانە سوممىسى بىلەن 1433 ئادەمگە ياردەم بەردى. چەت رايونلاردىكى 23 يېزا مەكتىپىنى تەكشۈرۈپ، يەرلىكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن جامائەت پاراۋانلىقى ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش، مائارىپ تەشۋىقاتى لېكسىيەسى سۆزلەش، ئوقۇش مۇكاپاتى تەسىس قىلىش ۋە مېھىر ـ شەپقەت كۇتۇپخانىسى ئېچىش قاتارلىق تۆت تۈرنى يولغا قويدى. ئۇلار مائارىپ تەشۋىقات لېكسىيەسى سۆزلەش، ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىش، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن چەت رايونلاردىكى ئاتا ـ ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش ئېڭىنى ئىدىيە جەھەتتىن ئۈستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلدى. بالىلارنى ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ چوڭ شەھەرلەردە ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشقا، ئۆزىنى ئىلىم ئوچقىدا تاۋلاشقا ئىلھاملاندۇردى. دەرھەقىقەت، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندىلا نامراتلىق ۋە قالاقلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ جەمئىيىتىمىزنى ئىناقلىق نۇرىغا چۆمۈلدۈرۈشكە زور پايدىسى بار، ئەلۋەتتە.

جەمئىيەت نۇرغۇن يەككە شەخستىن تەركىب تاپقان. شەخسنىڭ قوبۇل قىلغان تەربىيەسى، ئىگىلىگەن بىلىمى شۇ شەخسنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. شەخسنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۈستۈرۈشكە ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، مانا بۇ چوڭ مۇھىتنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. يۇلتۇز ـ قۇندۇز خەير ـ ساخاۋەت فوندى مائارىپنى يۆلەپ، تەربىيە ئارقىلىق ئىدىيە نامراتلىقىنى تۈگىتىش قارىشى بىلەن چەت رايونلاردىكى ئومۇمىي مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ھەم ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى.



ھەر بىر كىشىنىڭ جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس رولى، تەسىر كۈچى ۋە ئىقتىدارى بار. ئەگەر بۇ كۈچ بىر يەرگە مۇجەسسەملەنسە، يىمىرىلمەس ھالەتكە يېتىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن ئۆتەيدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. يۇلتۇز بىلەن قۇندۇز مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ھەربىرىمىز كۈچىمىزنى بىر يەرگە مۇجەسسەملىسەك، مېھىر ـ مۇھەببەتنى جەمئىيەتكە، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا تارقىتالايمىز. بىز بۇ ئىقتىدار ۋە مەسئۇلىيىتىمىزنى خەير ـ ساخاۋىتىمىز ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، ئەمما قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز خەير ـ ساخاۋەتكى، سەدىقە ئەمەس؛ پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشلا ئەمەس، يەنە ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ۋە ئىلھام بېرىشتۇر.» دۇنيانىڭ مۇھەببەتكە تولۇشىنى، مېھىر ـ مۇھەببەتتىن مۆجىزە يارىتىلىپ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىللىقلىققا تولۇشىغا ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىش ئىزىنى ئۇقۇپ تۇرغان ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر تىلەكداش. ئۇلار مۇھەببەت، كەڭ قورساقلىق، چۈشىنىش، ھۆرمەتلەش، مىننەتدارلىق ئارقىلىق بەھرىمەن بولۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ھەربىر كىشىگە ئۇقتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە غايىنىڭ ھاياتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل يەشمىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ھەرساھە ساخاۋەتچى كارخانىلار، ياخشى نىيەتلىك زاتلارنىڭ بۇ بىر جۈپ قوشكېزەك ۋۇجۇدقا چىقارغان خەير ـ ساخاۋەت فوندىنى يېقىندىن قوللىماقتا. بۇ يۇلتۇز بىلەن قۇندۇزنىڭ «ئىدىيە ھەممىنى ئۆزگەرتىدۇ» دېگەن چاقىرىقىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئەزگۈ تىلەكلىرىنىڭ تەسىرلەندۇرۇشى ئارقىسىدا بولغان، خالاس.

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

www.uyghurkitap.com



# ياشلىقنى نىمگە تېگىشۋاتىسىز

● غۇنچەم سەمەت

ئاينۇر تېلېفوننىڭ ئەنسىز جىرىڭلىغان ئاۋا-
زىدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە شۇ ھامان تېلېفوننى
قولىغا ئېلىپ يېرىم ئېچىلغان كۆزلىرىنى تېلېفون
ئېكرانىغا تىكتى، ئېكراندا 7:15 دېگەن سان
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋـيەي، ۋاقىت خېلى بىر
يەرگە بېرىپ قاپتۇغۇ!... شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈندى-
دارنى ئاچتى. دەرۋەقە ئۈندىداردىكى دوستلار
ئۇنىڭغا نۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرمۇنچە
يوللانمىلارنى يوللىغان، دوستلار چەمبىرىكىدىكى
نەچچە ئون يېڭى ئۇچۇرلارمۇ ئۇنىڭ ئوقۇشىنى
ساقلاپ تۇرغانىدى. «توۋا! بۇلار كېچىچە ئۇخ-
لىماي ئۈندىدار ئوينىغانمىدۇ؟ خېلى كەچ ياتتىم
بولمىسا، مانا سەھەردىلا يەنە توشقۇزۇۋېتىپ-
تۇ.» ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ قىزى-
قىش ئىچىدە ئۈندىداردا قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى
ئاڭلىدى. «ئاينۇر ئاداش، پەيشەنبە چۈشتىن كې-
يىن دەرسىمىز يوق، ۋاقىت چىقارساڭ ئۆتكەندە
كۆرۈپ قويغان ھېلىقى كوپتىنى ئېلىۋالغاچ بى-
رەر قۇر بازار ئارىلاپ كەلسەك بوپتىكەن. ئال-
دىمىزدىكى يەكشەنبە دىلنۇرنىڭ تۇغۇلغان كۈ-
نى، بۇ قېتىم يىگىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن. قا-
رىغاندا مېھمان كۆپ، رەڭلىك ئولتۇرۇپ قال-
دىغاندەك قىلىمىز، كىروران گۈزەللىدەك ئولتۇ-
رۇپ كەتمەيلى ئاداش كىيگەننى يەنە كىيىۋې-
رىپ، ئالدىنقى قېتىمقى ئولتۇرۇشتا بۇرنىڭغىمۇ
خېلى ئوبدان سۇ كىردىغۇ - ھە؟!» دوستىنىڭ
قالدۇرغان سۆزلىرى دەسلەپ ئۇنىڭ چىرايىغا
ئانچە - مۇنچە كۈلكە يۈگۈرتكەن بولسىمۇ
ئەمما ئولتۇرۇشتا راستتىنلا نېمە كىيىش مەسىلە-
سى ئۇنى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئوي دېڭىزىغا
سۆرەپ كەتتى.

※ ※ ※

ئىككىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتى. ئالىيە تول-
مۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تېلېفوننى قولىغا ئالدى -
دە ئېكراننى ئېھتىيات بىلەن باستى، قارشى تە-
رەپكە جاۋابەن «ئادىشىم، مېنىڭمۇ ئەتە چۈشتىن
كېيىن دەرسىم يوق، ئەمما يازىدىغان بىر ماقالەم
بار ئىدى. كۇتۇپخانىغا چىقسام، ماتېرىيال ئىزدە-
سەم بولاتتى. بىراق ئازراقمۇ خوشياقمايۋاتىدۇ.
بولمىسا توردىن چۈشۈرۈپ بىر نېمىلەرنى قىلار-
مەن. ئەمسە ئەتە ئالاقىلىشايلى، خوش جېنىم.»
ئۇ شۇ سۆزلەرنى يېزىپ بولۇپ ئادەتتىكىدەك
ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان بولۇۋالدى، بىراق كال-
لىسىدا بىرمۇنچە گادىرماچ خىيال «ئۆتكەندە ھې-
لىقى ئۇچ كويلۇق بازاردا ئالغان كىرپىك قايرىغۇچ
بىلەن لاكىنىڭ ئىككىلىسى ساختا چىقتى. كىرپىك
قايرىغۇچ بىر قېتىم ئىشلىتىپلا ئاجراپ كەتتى، لاك
قۇرۇپ ھېچ ھالى قالمىغان بىرنېمىكەن، ئىسست
پۇلۇم! ئىككىنچى ئەرزان نەرسە دېگەنگە كۆز قى-
رىمنى سالماسمەن.»

※ ※ ※

خالىسە ياتىقىدا ئولتۇرۇپ مۇزاكىرە قىلىش-
نى بەك ياخشى كۆرىدۇ، ياتاقتا قىزىق چاي بى-
لەن ئۇششاق - چۈششەك يەيدىغان نەرسىلەرنى
يېنىغا قويۇۋېلىپ كىتاب كۆرسە - ھە! تېخى ئەڭ
مۇھىمى ياتاقتا ۋايفاي دەپ ئاتىلىدىغان ئېسىل
نەرسە بار، ئۇنى ئېچىپ قويۇپ تېلېفوننى تورغا

هەقسىز ئۇلاپ قويسا، ئۈندىدار بىلەن QQ ئوچۇق تۇرسا قانداق ياخشى! ئۇ بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق كارىۋىتىدا ئۈستىگە مامۇق چاپىنىنى يېپىنىۋېلىپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى، تېلېفون تۇيۇقسىز تىترەپ ئۇچۇر كىرگەننى ئۇقتۇردى، ئۇ دەرھال قولىغا تېلېفوننى ئالدى، دەرۋەقە تېلېفونغا بىر نومۇردىن ئۇچۇر كەلگەنىدى، ئۇ بۇ نومۇرنى بىر كۆرۈپلا تونۇدى، بۇ يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئۇچۇرى ئىدى، ئۇ دائىم ئاتا ـ ئانىسى ئەۋەتكەن پۇلنىڭ ئۇچۇرىنى كارتىسىدىكى مۇشۇ نومۇردا تاپشۇرۇۋالاتتى. گەرچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پۇل سالىدىغان ۋاقتى بولمىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ يەنە كۆڭلىدە «ھېلىقى چاغدىكىدەك ئاپام يەنە ئانچە ـ مۇنچە پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىپ دادامغا بىلدۇرمەستىن سېلىپ قويدىمىكىن» دېگەن ئۈمىدتە ئېرىنمەستىن كىرگەن ئۇچۇرنى ئېچىپ كۆرۈپ باقتى. ئۇچۇردا قايسى بىر سودا سارايىدا مۇشۇ كارتىنى ئىشلىتىپ قايسى بىر ماركىدىكى گىرىم بۇيۇملىرىنى سېتىۋالسا باھادا 50% ئېتىبار بېرىشتىن سىرت يەنە نومۇر خاتىرىلەش كارتىسىغا نومۇرنى نەچچە ھەسسىلەپ قوشۇپ بېرىدىغانلىقى ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ ئۈمىد قىلغان «ئامەت»تىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئۇچۇرنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئۈندىدارغا قاراپ باقتى. ئۈندىدار تىنچ، پەقەت دوستلار چەمبىرىكىگە يېڭى ئۇچۇر چىققانىدى. ئۇ شۇ ھامان دوستلار چەمبىرىكىنى ئاچتى، ئۇنىڭغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋەتكەندىن كېيىن بىر قىسىملىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ باقتى. ساۋاقدىشى ئىليارنىڭ يوللىغان ئۇچۇرى ئۇنىڭ ھەممىدىن بەكرەك دىققىتىنى تارتتى. «سىزنى سۆيگۈم بار، بىراق ...» خالىسە تېمىنى ئوقۇپلا قىزىقىپ قالدى. كۆڭلىدە ئىليار ئەجەب مۇنداق يېزىپ قاپتىغۇ دەپ ئويلاپ، شۇ ھامان ئىليارنىڭ ئاشۇ تونۇش خېلى كېلىشكەن تەقى ـ تۇرقى، تۆگىدەك ئېگىز بويى، پات ـ پات قىزىق گەپ قىلىشلىرى ۋە كۈلگەندە چىقىپ قالىدىغان بىر تال ئوغرى چىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تەمەززالىق بىلەن ئېكرانغا قارىدى. ئۇ قايسىبىر شائىرنىڭ شېئىرى بولۇپ ئۆز پېتى كۆچۈرۈلۈپ يوللانغانىدى. «بۇ شېئىرنىڭ قەيېرى ياراپ قالغاندۇ بۇ ساراڭغا؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ. بىراق، يەنە ئېكراننى سىرىپ يۇقىرىغا ئىتتەرگەچ ھەممىنى ئوقۇپ چىقتى. شۇ ئەسنادا تېلېفونى يېنىك سايراپ، ئۈندىدارغا ئۇچۇر كىرگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ دەرھال ئۈندىدارنى ئاچتى، بۇ «چېچەك» نامدىكى دوستىنىڭ يوللىغان ئاۋازلىق ئۇچۇرى ئىكەن. «چېچەك»نىڭ باش سۈرىتى ئۈستىدە ئاۋال ① رەقىمى كۆرۈندى، ئاندىن ھېلىدىن ھېلىغا ئېشىپ ئاخىرى ⑤ بولۇپ توختىدى. ئۇ شۇندىلا ئۇنى ئاچتى. تېلېفوندىن«ھۇ! ھۇ!... ھۇ...» دەپ ئۇزۇنغىچە يىغلىغان ئاۋاز، ئاندىن ئارقىغا ئۇلاپ «جېنىم ئاداش! ئىبراھىم ئايالى بىلەن تېخى ئاجراشماپتۇ، بۈگۈن مېنى ئۇنىڭ ئايالى ئىزدەپ كەپتۇ...» ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئاينۇرنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشلارنى ئاڭلاشقىمۇ رىغبىتى قالمىدى. چۈنكى، يېقىن دوستى گۈلبوستان بىر يىلدىن بۇيان ئۆزىدىن چوڭراق ئىبراھىم ئىسىملىك بىرسى بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋاتاتتى. ئىبراھىم قايسىبىر ئىدارىدە ئىشلەيتتى. باشتا گۈلبوستان ئۇنىڭغا بەكمۇ يېقىنلىشىپ كەتمىدى. بىراق، ئىبراھىم ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپلا ئالغانىدى. پۇل دېگەننى سۇدەك خەجلەپ، ئارقىسىدىن پايپېتەك بولۇپلا يۈردى. ئىبراھىمنىڭ ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتى گۈلبوستاننى تەسىرلەندۈردى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئىبراھىمدىن ئايرىلالمايدىغان، ئولتۇرسا ـ قوپسا ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىدىغان، مەيلى قانداقلا يەردە بولسا ئىبراھىمنىڭ گېپىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلىدىغان





هالغا كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن ئۆزىلا ئەمەس، ھەتتا دوستلىرىنىڭ
دوستلىرى، ساۋاقداشلىرىمۇ خەۋەردار ئىدى. گۈلبوستان تازا
قىزغىن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىردە ئىبراھىمنىڭ
ئىلگىرى توي قىلغانلىقى، كېيىن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى ئاشكا-
رىلاندى. دەسلەپتە بۇ خەۋەر گۈلبوستانغا ئوچۇق ئاسماندا
چاقماق چاققاندەك تۇيۇلۇپ، ھەيرانلىق، تېڭىرقاش ۋە چەك-
سىز ئازاب ئىچىدە يىغلاپ ـ قاقشاپ قاتتىق ھەسرەت چېكىپ
يۈردى. بىراق كۆڭۈل خاھىشى، چىن مۇھەببەت ھېسسىياتى بۇ
ئىشنى ئۇلارنىڭ پۈرەكلەپ ئېچىلدۇرغان مۇھەببەت گۈلى ئۈس-
تىگە چۈشكەن بىر تامچە شەبنەم سۈيىدەك غىپ قىلىپلا ئۆتكۈ-
زىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن گۈلبوستان بۇنىڭغىمۇ مەيلى دېدى.
مانا ئەمدى بۇ نېمە گەپ؟! ئۇنىڭ ئىشى ئەمدى قانداق بولۇپ
كېتەر؟ ئۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلاتتى. بىردە
ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈل رىشتىنى پىچاق بىلەن
گاچچىدە كەسكىلى بولسا كېسىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى، بىردە
ئىبراھىمنى غەزەپ ـ نەپرەت ئوچاقلىرىغا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ
كۈل قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى، يەنە بىردە دوستىنى تىللاپ ئىزا
قىلغۇسى كەلدى. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت خالىسەنىڭ
روھىيىتىدىكى تۈيغۇلار ئىدى خالاس! خالىسە تېلېفوننى قولىغا
ئېلىپ ئۇندىدارادا دوستىغا بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلماقچى بولغا-
نىدى، تۈيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇ تېلېفوننى ئالدى،
قارشى تەرەپ سىنىپ باشلىقى پازىل ئىدى. سالامدىن كېيىن بۈ-
گۈنكى 5 ـ، 6 ـ سائەتلىك دەرسنىڭ ئەتىگە سۈرۈلگەنلىكى
ئۇقتۇرۇلدى. «ئۇنداق بولسا چۈشتىن كېيىن گۈلبوستاننىڭ قې-
شىغا بېرىپ كەلسەممىكىن؟...» ئۇ شۇلارنى ئويلىغاچ سائەتكە
قاراپ چۆچۈپ كەتتى. تېخى چايمۇ ئىچمەي تۇرۇپ دەرس باش-
لىنىدىغانغا يەنە 20 مىنۇت قالغانىدى، «ۋايىيەي چاققان
بولاي...!»

※ ※ ※

ئەخمەتنىڭ ئەزەلدىن بۇ ئىشنى قىلىش خىيالى يوق ئىدى.
پەقەت بىكارچىلىقتا گۇڭگۇر ـ مۇڭغۇر ئولتۇرۇپ بىردەم پا-
راڭلاشقۇدەك ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىنلا شىركەتكە كىرگەنىدى. كىم
بىلسۇن؟ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنىلا باك ـ باك ماي، ئۇن،
گۈرۈچ كۆتۈرۈپ ئۆيمۇ ئۆي سوكۇلداپ يۈرۈپ چۈشتىن بۇ-
رۇنلا ئون نەچچە ئۆيگە مال توشىدى. ماڭسىغۇ مەيلى تەييار
ماشىنا، ئەمما بىنا ئۆيلەرگە ماشىنا كىرمەيدۇ ـ دە، 5 ـ قە-
ۋەت، 6 ـ قەۋەت... خۇددى دېيىشۋالغاندەكلا ھەممىسىنىڭ
ئۆيى ئۈستىدە. ئۇ بۇلارنى ئويلىسا زەردىسى قاينايتتى. «ھېلىغۇ
مەن كەپتىكەنمەن، ماڭا توشۇتتى، مەن بولمىسام قانداق قىلات-



تىكىن تاڭ!» ئۇ شۇلارنى ئويلاپ تىللاپ، قاقشاپ يۈرۈپ
ئۇن، گۈرۈچ، مايلارنى توپ ۋە پارچە سېتىش شىركىتىدە ئا-
ران ئۈچ كۈن چىشىنى چىشلەپ ئىشلىدى. 4 ـ كۈنىدىن باشلاپ
كەلمەي قويدى. چۈنكى ئۇنداق ئېغىر ئىش ئۇنىڭغا ماس كەل-
مەيتتى. بولسا ئىشخانىدا كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا مەشغۇلات قىلىپ
ئولتۇرسا بولاتتى. چۈنكى ئالىي مەكتەپنى بىكارغا ئوقۇمىدى ـ
دە! ئۇنىڭ تەلىيىگە راستتىنلا كومپيۇتېر مەشغۇلاتى قىلىدىغان
بىر خىزمەت چىقتى. ئۇ بۇنىڭدىن خۇش بولدى ھەم «ئەگەر
راستتىنلا شۇ ئىشنى قىلىپ قالسام پۇتۇن جان ـ دىلىم بىلەن
بېرىلىپ ئىشلەپ ھەممەيلەننىڭ ئالقىش ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ ئەت-
راپىمدىكى ئاشۇ ئوقۇمىغان سولتەكلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چې-
قىرىۋەتسەم» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. دەرۋەقە، ئۇ
راستتىنلا بىر چوڭ تېز تاماقخانىنىڭ كومپيۇتېر ئارقىلىق تاماق
زاكاز تىزىملايدىغان يېرىگە خىزمەتكە چۈشتى. كىم بىلسۇن، بۇ
ئىشنىڭمۇ دەردى باركەن. ئۇ كەلگەن تۇنجى كۈنىلا 600 يۈ-
ەندىن ئارتۇق پۇل كەم چىقىپ، ھەممەيلەننىڭ ئىشەنچىسىدىن
بىراقلا مەھرۇم قالدى. مائاشىنى دەسلەپكى ئۈچ ئايدا 2 مىڭ
800 يۈەن، كېيىنچە ئىشلىگەن ئەھۋالغا قاراپ 3 مىڭ، ھەتتا
5 مىڭ يۈەنگىچە بېرىدىغان، ناۋادا ھېساباتتا خاتالىق چىقىپ
قالسا مائاشىدىن تۇتۇپ قېلىنىدىغان بولۇپ پۈتۈشكەنىدى. ھې-
سابات ئۇياققا قىلىپمۇ، بۇياققا قىلىپمۇ ئاخىر ئۇنىڭغا ئارتىلىپ
قالدى. «بوپتۇلا، 600 يۈەننى تۇتۇپ قالسا يەنە 200 پارچە-
سى بىلەن ساپساق 2 مىڭ يۈەن بارغۇ!» ئۇ شۇلارنى كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزۈپ خاتىرجەم بولدى. ئەمما ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ
چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدىن كىچىككىنە چا-
تاق چىقىپ نەچچە كۈنلۈك ھېسابات ۋە تىزىملىك يوق بولدى.
بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ بوشىشىپ مۇز يېغىپ تۇرغان غوجايىن-
نىڭ ئۆزىگە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قا-
راپلا ئۆزلۈكىدىن ئۆزىمۇ رازى بولغان ھەم ئۆزىگە چەكسىز



شېرىن چۈشلەرنى ئاتا قىلغان بۇ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلدى. ئۇ ئۇزاققا قالماي دادىسىنىڭ بىر تونۇشى ئارقىلىق چوڭ ئىدارىنىڭ دىجورنىخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. بۇ يەر ئۇنىڭغا خېلى ياقتى. بۇ يەردە ئىككى كومپيۇتېر قويۇلغان بولۇپ، ئېكرانىغا قاراش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئۇ دەسلەپ ھەر ئىككى كومپيۇتېر ئېكرانىغا قاراپ ئولتۇردى، بىراق ئاستا - ئاستا كۆڭلىگە جىن چۈشۈپ، «ئىككىسىدە ئوخشاش بىر خىل نەرسىنى كۆرۈپ ئولتۇرغاندىن كۆرە، بىرىنى خىزمەتكە ئىشلىتىپ بىرىدە ئانچە - مۇنچە ئويۇن ئويناپ، تورغا چىقىپ ئولتۇرساق بولمامدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، ئىشخانىدىكى كومپيۇتېرنىڭ بىرىنى خىزمەتكە ئېلىپ قويۇپ، بىرىنى بولسا ئۆزىنىڭ پات - پاتلا تورغا چىقىپ خالىغىنىنى كۆرىدىغان، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمەككە ئايلاندۇرۇۋالدى. باشقىلار ئۇنىڭغا بۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلسا ئۇ ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ يۈرۈۋەردى. خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭ تورغا چىقسا قورسىقىنىمۇ ئۇنتۇپ سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرى ئىشقا كېچىكىپ كەلسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئىسمېنا ئالماشسىمۇ ئۇنىڭ يەنىلا كەتمەي ئولتۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشقىمۇ ئالدىرىماي كېلىدىغان، بالدۇر قايتىدىغان، ھەتتا ئارىلىقلاردا سائەتلەپ يوقاپ كېتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى. ئىدارە دىجورنىخانىسىدىكى بۇخىل بوشاڭلىق، ناچار ئىستىل ئاخىر رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئازكەم ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت قۇرۇپ چىققان جەننىتى بىر بۇيرۇق بىلەن ۋەيران بولدى.

※ ※ ※

يۈكسەكجان قانداقلارچە سائەتنىڭ بىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى. تېخى بۈگۈن كەچ يېزىۋەتمەكچى بولغان دوكلات ۋەزىپىسى نەدە تۇرۇپتۇ! ئۇ كومپيۇتېر ئېكرانىدىن چىقىۋاتقان قىزىق ھارارەتكە پەرۋا قىلماي ئۆز ئىشىنى تۈگىتىش ھەلەكچىلىكىدە ھەر بىر مىنۇتنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. ئۇنىڭغا كومپيۇتېرنىڭ ئىش سۈرئىتى تېخىمۇ ئاستىلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دەپتەردىكى سانلىق مەلۇماتلار كومپيۇتېرنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا بىر - بىرلەپ چۈشۈۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۈرئىتى تولىمۇ ئاستا ئىدى. ئۇ قاتتىق جىددىيلەشكەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ كومپيۇتېر ئېكرانى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ 15 سانتىمېتىرغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىنى سەزمەيتتى. كاللىسىدا بولسا يازماقچى بولغان تەجرىبە دوكلاتىنىڭ تېزىسى پۈتمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ تەرىقىدە ئىشلەپ تاڭ ئېتىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالدى.

توۋا، بىر كېچىمۇ ئۇزۇن ئەمەسكەنغۇ؟ ناھايىتى تۆت سائەت ئىكەن، بۇنچىلىك ۋاقىتتا نېمە ئىش قىلغىلى بولسۇن؟ ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھېچقانچە ئازلىمىغانلىقىنى، تېخى يېڭى كۈندە يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئويلاپ، گويا ئۆزىنى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزغا ئۈلگۈرەلمەي قالغان يولۇچىدەك ھېس قىلدى. بىر كۈننىڭ 24 سائەت ئەمەس 30 سائەت بولۇپ قالمىغانلىقىدىن نارازى بولدى. ئۇ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە بۈگۈن ھەپتىگە نەچچە؟ چارشەنبە؟ پەيشەنبە؟ چارشەنبە بولسا تېخى چۈشتىن كېيىن يىغىن. پەيشەنبە بولسا 3 - ، 4 - سائەتلەردە ئىككى سائەت دەرسىم بار. تېخى خۇلاسە تۈگىمىدى تازا مۇھىم يېرىگە كەلدى. خۇلاسىنى چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئاشۇ تەجرىبىنى يەنە بىر ئىشلىۋەتمىسەم بولمايدۇ. ھەممىسىگە ۋاقىت، شۇ ۋاقىت! ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردە بىر دەقىقە ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈۋاتقان قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى، بىردە مىنۇتىغا نەچچە يۈز كىلومېتىر تېزلىكتە كېتىۋاتقان پويىز كەلدى، «ۋاقىت كېرەك! ھەي يەنىلا شۇ ۋاقىت! نېمانچە تېز ئۆتىدۇ! ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى گويا قىلىدىغان ئىشلىرىنى قىلىپ بولالماي چالا پېتى تاشلاپ، ۋاقىت ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغاندەك، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ قىلىشىنى ساقلاپ تۇرغاندەك، بىراق ئۆزىنى شۇ ۋاقىت ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدىن چۈشەلمەي، ئىلاجسىز يىراققا قۇرۇق قول كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلدى.

※ ※ ※

«نېمىشقىمۇ شۇ كىچىك چاغلىرىمدىن باشلاپلا تىل ئۆگەنمىگەن بولغىيتتىم، تېخى ئالدىنقى يىللىرىلا تاپشۇرۇقۇمنى تۈگەتتىم دەپلا سىرتلارغا چىقىپ بىكاردىن بىكار لاغايلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئىست زايە كەتكەن ۋاقتىم، ئازراق بولسىمۇ ئىنگ-

لىرىچە ئۆگىنىپ قويغان بولسام ھېچ بولمىسا كۈنۈمگە ئىككى خام سۆز، يا قىسقا بىرە جۈملە ئۆگىنىپ قويغان بولساممۇ مۇنچىلىك قىينىلىپ كەتمەس بولغىيتتىم! مانا ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئىمتىھانىغا يەنە ئىككى ھەپتىلا ۋاقىت قالدى! قانداقمۇ ئۆگىنىپ كېتەلەرمەن؟ شۇ چاغلاردا دادام - ئاپاملارمۇ مېنىڭ ئۇنداق مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلاردىن ئالغان ئەرزىمەس يۇز نومۇرلىرىمغا خوش بولۇپ كەتمەي چىراق تۇتۇپ، ھەتتا تىللاپ، ئۇرۇشمۇ ئىنگلىزچىنى ئۆگەن! بېسىپ تىل ئۆگەن دەپ مەجبۇرلىغان، نان بەرمەي سولاپ قويۇپ ئۆگىنىشكە زورلىغان بولسىمۇ بوپتىكەن، مانا ئەمدى شۇ ۋاقىتلار بىكار ئۆتۈپ كېتىپ نېمە كۈن بۇ؟! ئىسىت شۇ بىكارغا زايە بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلىرىم! ئىسىت! ئىسىت! ۋاقىتنى قايتۇرغىلى بولغان بولسا ئاشۇ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بالىلار بايراملىرىغا سەنئەت نومۇرى تەييارلايمىز دەپ ئېگىز - پەس كاركىراپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىم، تەتىل بولدى دەپ يۇرتقا مومام - بوۋاملارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بىكار كۈنلەپ - كۈنلەپ باغمۇ باغ ئويناپ، دۇنيادىن غەمسىز زايە بولۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتلار، ئىسىت! چوڭ بولغاندا مۇنچىلىك ۋاقىت يېتىشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلسەم، ئۇنداق ۋاقتىمنى زايە قىلىپ نېمىمۇ قىلاتتىم!» شېرىنئاي ئۆيلىغانچە ئۆزىنىڭ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ۋاقىتلىرىغا قاتتىق ئۆكۈندى. ئېلىنىش ئالدىدا تۇرغان دۆلەتلىك ئىمتىھان ئۇنى ئوبدانلا جىددىيلەشتۈرۈۋاتاتتى، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە قايتا - قايتا قەسەم قىلىپ: «مۇشۇ ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن دەرسلىرىمنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئىنگلىزچىنى كۈنىگە ئىككى جۈملە، 20 دىن يېڭى سۆز يادلايمەن! مەيلى قانداق كۈن بولۇپ كەتسۇن، ھەتتا روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى بولسىمۇ ئوخشاش يادلايمەن!» دەپ قەسەم بەردى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقىتنى يېتىشتۈرۈپ بولالماي ئاۋارە ئىدى.

ھاياتتىكى ھەر بىر دەۋرنىڭ، ھەر بىر يىلنىڭ ھەتتا ھەر بىر ئاي، ھەر بىر كۈننىڭ ۋەزىپىسى، بۇرچى، مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، «ياشلىق» ئەمەلىيەتتە بۇمۇ بىر ۋاقىت ھېسابى، مەلۇم كاتېگورىيەلىك ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆز، ئۇ ئۆز ئىچىگە «يېڭى، گۈللەنگەن، تولغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان...» دېگەندەك مەنىلەرنى يوشۇرغان. ئەگەر مۇشۇ دەۋردە بىز ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرىمىز دېسەك ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بەدىلى بولۇشى كېرەك، ئۇنداقتا بىز ياشلىقىمىزنىڭ بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشىۋاتىمىز؟ ياشلىقىمىزنى زادى نېمىگە تېگىشىۋاتىمىز؟ ياشلىقىمىزنى تېلېفون، كومپيۇتېر دېگەنگە ئوخشاش زامانىۋى ئەسۋاب، ئۈسكۈنىلەر ۋە ئۇلارنىڭ رادىياتسىيەسى بىلەن بۇلغانغان تۇرمۇش بىزگە نېمىلەرنى ئاتا قىلار؟ شۇلار بىزنىڭ ياشلىقىمىزنى تېگىشىشكە ئەرزىمدۇ؟!

※ ※ ※

بۇرۇنقىلار «ۋاقىت ئاتقان ئوق» دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئوقمۇ نىشانغا بېرىپ تەگكەندە توختاپ قالىدۇ. «ۋاقىت ئاققان سۇ» دەيدۇ يەنە بەزىلەر، سۇمۇ ئېقىپ بىر يەرگە بارغاندا توختاپ يىغىلىپ قېلىشى مۇمكىن، «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دەيدۇ يەنە بەزىلەر، بۇمۇ بەلكىم ۋاقىتنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىشىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلگەنلەر ئۇچۇندۇر. مېنىڭچە ۋاقىت — ھاياتنى ماتقا تۇتاشتۇرغۇچى، ئۇنىڭ چېكى يوق. ھاياتلىق ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ، بارلىققا كەلگەن ھەر قانداق ھاياتلىق ھامان يوقىلىدۇ. پۈتۈن كائىنات توختاۋسىز ھەرىكەت ھالىتىدە ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ ھەم دەۋر قىلىپ يوقۇلۇپ ماڭىدۇ، مانا مۇشۇ جەرياننىڭ ئۆزى ۋاقىتتۇر. دېمەك، ۋاقىت ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە بوي سۇنماي، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مەۋھۇم ئۇقۇمدۇر. ئۇنىڭ بىر ئۇچى سائەتتە، بىر ئۇچى ئىنسان يۈرىكىدە بولىدۇ، بۇنى ھېس قىلالىغان ئادەملا ۋاقىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىدۇ، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭغا ماسلىشىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاشمىغان ئادەملەرنىڭ ۋاقىت بىلەن بولغان ئارىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلەرنىڭ ئارىلىقى يىراق بولىدۇ، ئۇلاردا «ياشلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ۋاقىت ئۇقۇمىنىڭ ھەجمى بەك كىچىك، سالمىقى بەك يېنىك بولىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ ۋاقىت بىلەن بولغان ئارىلىقى بەك يېقىن ھەتتا بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، بۇنداق ئادەملەر ۋاقىت بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشالايدۇ ھەم مۇئامىلە قىلىشالايدۇ، ھەم ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى تېگىشەلەيدۇ، ئۇنداقتا بىزنىڭ ۋاقىت بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز زادى قانچىلىكتۇر؟! بىز ئۇنىڭغا نېمىلەرنى تېگىشەلەيمىز؟ نېمىلەرگە ئېرىشەلەيمىز؟ بۇنىڭغا ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ياش ئۆز ئەمەلىيىتى داۋامىدا، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە جاۋاب ئىزدەشكە ھەقلىق.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن)
مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

# زامانىۋى دەۋردىكى ئاياللار

◉ مېھرىگۇل نىيازمۇھەممەت



يېقىندا يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئاتا - ئانام ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بىلەن دىدارلىشىش ئىستىكىدە ئانا يۇرتۇمغا باردىم. بىز بارغان ۋاقىت دەل رامىزان ئېيىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، ئاچا - ئىنىلىرىم بىلەن تاماق ئېتىش، نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدۇم.

كۈن بەك ئۇزۇن ھەم ئىسسىق بولغاچقا، ئانام ئىپتاردا سوغۇق بىر نەرسىگە كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئاچام بىلەن خوتەننىڭ داڭلىق دوغىپىنى ۋە دېھقانلار ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن يازلىق مېۋىلەردىن ئېلىش ئۈچۈن بازارغا باردۇق. دىمىخ ئىسسىق بولۇشقا قارىماي بازاردا ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى، بىز تەسلىكتە دوغاپچىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئارىسىغا قىستالدۇق، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىپتارلىق ئۈچۈن دەپ دوغاپلارنى بەس - بەستە سېتىۋېلىشاتتى، تۇيۇقسىز دوغاپچى قىزنىڭ ۋارقىراپ سۆزلىگەن ئاۋازى دىققىتىمنى تارتتى:

— ماۋۇ نىمانداق نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان خوتۇن، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىپتارلىق ئۈچۈن دوغاپ ئېلىۋاتسا، ماۋۇ قېرى دەججال تەپ تارتماستىن بۇ يەردە، روزىدارلارنىڭ ئالدىدا دوغاپ ئىچىپ ئولتۇرىدىيا؟ نىمانداق يۈزى قېلىن خوتۇندۇ بۇ، — دېدى دوغاپچى قىز چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ.

— ئۆز خېنىم بالام، بازارغا ئەتىگەندە كەلگەن ئىدىم، كۈن بەكلا ئىسسىپ كەتتى، ئۇسساپ پەقەتلا چىدىمىدىم، نەپسىم قىستاپ كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ قالاي دېدىم. مېنى ھەيدىمىسىلە كەينىمنى قىلىپ ئولتۇرۇپ بىر يۇتۇم سۇ بولسىمۇ ئىچىۋالاي...

بىچارە ئايال بىر نەرسىنى ئوغۇرلاپ يەۋاتقاندەك ئەتراپقا تەمتىرەپ قارايتتى، بىر چىنە دوغاپنىڭ يېرىمىنى ئىچكەندىن كېيىن:

— شۈكرى خۇدايىم — دەپ، ئۇھسىندى... ئاخىرى بىزگىمۇ نۆۋەت يېتىپ كەلدى، — ئالدىغاننى ئېلىپ، توپنى يېرىپ چىقتۇق، ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگىچە بىر ئېغىز گەپ قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ ئاچام بېلىكىمنى نوقۇدى:

— سىڭلىم، نېمە بولدۇڭ؟ قاپىقىڭ تۈرۈلۈپ قالدىغۇ؟

www.uyghurkitap.com



بايىقى ئىشلارنى كۆرۈپ، ئاچچىقلىك كېلىپ قالدىمۇ- يە؟ — دېدى ئاچام.

— ھەئە ! بۇ دوغاپچى قىزنىڭ نېمانداق ئاغزى يامان، چوڭ ئانىسىدەك بىر ئايالنى ھاقارەتلىگىنى نېمىسى؟ ئۇ 70 – 80 ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئايالكەن، ئادەم دېگەندە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش» دەيدىغان ئاڭ بولۇشى كېرەكقۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن شۇنداق ئىسسىق تۇرسا ئازراق سۇ ئىچكەنگە نېمە بوپتۇ؟ بۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا ياشانغانلار تۈگۈل، بىزدەك ياشلارمۇ چىدىمايۋاتساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دېھقان ئايالكەن، قارىسام يېنىدا قۇرۇق سېۋەت تۇرىدۇ، ھە قاچان بېغىدا بولغان مېۋە – چېۋىلىرىدىن ئەكىلىپ سېتىپ، ئازراق بولسىمۇ پۇل قىلىپ ھېيتلىق نەرسە – كېرەك سېتىۋالاي دېگەندۇ، ئۆزىچە تەقۋادار قىياپەتكە كىرىۋېلىپ خەقنى روزى تۇت، تۇتما دەيدىغانغا ئۇنىڭ نېمە ھوقۇقى؟ روزى تۇتۇش – تۇتماسلىق ھەر كىمنىڭ ئەركىنلىكى، ھەتتا ياشانغان، ئاغرىق، ئاجىز مۇساپىرلار روزى تۇتمىسىمۇ بولىدۇ، بىلسەم – بىلمىسەم ئۇنىڭ دىنىي بىلىمىغۇ يوق، ساۋادىمۇ چاغلىق. بولمىسا يۇقىرىقى ساۋاتلارنى بىلگەن بولاتتى. ھازىر مۇشۇنداق تەقۋادار قىياپەتتىكى ئىمانى يوق دەلدۈشلەر ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنىمۇ بۇرمىلاپ بولدى. جاھاندا مۇشۇنداقمۇ تەربىيە كۆرمىگەن، قارا قورساق ئادەملەر بولىدىكەن...

8 – يولنىڭ ئاپتوبۇسى كەلدى، ئاچام ئىككىمىز ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن بىكار ئورۇننىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۆرە تۇردۇق، مەن ئۆرە تۇرغاچ ئاپتوبۇس ئىچىدىكى كىشىلەرگە نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم. ئاخىرقى رەتتىكى ئورۇندا 40 – 50 ياشلار ئەتراپىدىكى يېزا ئاياللىرىغا خاس كىيىنگەن ئىككى ئايال ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىم ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ ئىككى ئايالمۇ چىرايلىرىنى بىر قىسما قىلىپ مېنى شەرەتلەپ بىرنېمىلەرنى دېيىشكىلى تۇردى، سەل خۇدۇكسىرىگەندەك بولۇپ ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن سىرتقا قاراپ تۇردۇم.

— ماۋۇ ئايال نېمانداق كاسسىلىرىنى پوسكايتىپ كىيىنىۋالغاندۇ؟ نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان ئازغۇنلار، — دېگىنچە ماڭا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

نېمىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغان يېرىمدە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم، ئۇنىڭغىچە ئاپتوبۇس توختىدى، ئاچام ئاپتوبۇستىن مېنى تارتىپ چۈشتى.

— توۋا قىلدىم! توۋا!؟ ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بۇ خوتۇنلار ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ بىكاردىن بىكار ئادەمنى ھاقارەتلەپ يۈرىدىيا؟ مەن يا يالىڭاچ بولمىسام، ئۇچامدا بىر چىرايلىق كىيىم تۇرمامدۇ مانا؟ جاھاندا ئاجايىپ خۇراپىي، ساپاسى تۆۋەن ئادەملەر بولىدىكەن دېسە ؟!

— بۇ خوتۇنلا كۆينىكىڭىزنى قىسقا كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، كۆزىگە سىغمىغان ئوخشايسىز، كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ كەتمەڭ بۇنداق ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، — دېدى ئاچام.

— كىيىم – كېچەكنى قانداق كىيىش ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەركىنلىكى، ھەرقانداق ئادەم ئۆز شارائىتىغا، خىزمەت ئېھتىياجىغا قاراپ كىيىم كىيىدۇ، — دېدىم.

— مەن سىزگە دېسەم ئاچا، ھەر بىر مىللەتنىڭ كىيىم – كېچەك مەدەنىيىتى، كىيىنىش ئادىتى شۇ مىللەت ياشاۋاتقان رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، ھاۋا كىلىماتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى پەرق تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىنى بىلەن، ئەرەب مەدەنىيىتىدىكى ھەممە تەركىبلەرنى ئۆز پېتى دوراپ ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل – پاراسەتلىك، ئىجاتچان خەلقىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم – كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قالغان ئاساستا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان قالاق، خۇراپىي قائىدە – يوسۇنلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، زامانىۋى ھاياتقا لايىق ئۆرپ – ئادەتلەرنى، مەدەنىي قائىدە – تۈزۈملىرىمىزنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ راۋاجلاندۇرغان. بىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ئاياللىرىمىزمۇ يەرنى سۈپۈرۈپ ماڭمىدىغان، ئىش – ھەرىكەتلىرىگە قولايسىز، ئەرەبلەردەك ھەممە يەرلىرىنى ئورايدىغان كىيىملەرنى كىيىپ ماڭمىغانغۇ... بۇ ئاياللارنىڭ بىزنىڭ ئەنئەنىمىز، مەدەنىيىتىمىز، كىيىنىشىمىز ھەققىدە بىزگە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغانغا، مەجبۇرلايدىغانغا ھېچقانداق ھوقۇقى يوق. بىز قاچانغىچە كونىلىققا، خۇراپىيلىققا ئېسىلىۋېلىپ، زامانغا خاس يېڭىلىقلارنى، ئىلغارلىقلارنى قوبۇل قىلمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن مەدەنىيلىكنى چەتكە قېقىپ، ئاياللىق سۈپىتىمىز بىلەن ياشاش ھوقۇقىمىزدىن مەھرۇم بولىمىز؟

بۇلارنى سۆزلەۋېتىپ ئىچىم سىقىلىپ، ئاچچىقتىن بوغۇزۇمغا بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ ئۆكۈنۈش ئىچىدە يىغلىۋەتتىم، قەلبىم ئۆرتەندى...

— كىيىنىش خۇراپىيلىقىدىكى ئاياللىرىمىز خېلى بار. ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان ئىشلار نۇرغۇن...

مۇشۇلارنى دېيىشىپ مېڭىپ ئۆيگە كېلىپ قاپتۇق، ئۆيگە كىرىپ ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلاپ جىمجىت ئولتۇردۇم، ئېرىم تۈرۈلگەن قوشۇملىرىمغا قاراپ بىر نېمىنى سەزدى بولغاي:

— سىڭلىڭىزغا بىر نېمە بولدىما؟ قارىسام كەيپىياتى ياخشى ئەمەسقۇ، بازاردا بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش بولمىغاندۇ ؟ — دەپ سورىدى.

ئاچام بۈگۈن بازاردا ئۇچراتقان

ئىشلارنى ۋە يۇرتىمىزدىكى بەزى بىر ئەقىلگە سىغمايدىغان چەكتىن ئاشقان قىلمىشلارنى ئېرىمگە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. يىگىرمە نەچچە يىل ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۇستۇدېنتلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيەۋى خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتقان ئېرىم بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران بولدى، ئەپسۇسلاندى ھەم ئاچچىقلاندى...

— ئۇچىڭىزدا بىر چىرايلىق كۆينەك تۇرمامدۇ، بۇلارچە ئەمدى نېمە كىيسىڭىز بولىدىكەن؟ ئەرەبلەردەك ھەممە يەرلىرىڭىزنى ئوراپ ماڭامدىكەنسىز؟ بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى شۇنداق تېز بولىۋاتسا، جاھاندا نى - نى يېڭىلىقلار، ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتسا، بۇ ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسى قاچانغىچە يېڭىلانماي كونىچە كۆز قاراشتا ياشايدىغاندۇ؟ دۇنيا ھازىر تەرەققىي قىلىپ نەدە كېتىۋاتىدۇ؟ بىزنىڭ بۇ نادان كىشىلىرىمىز قاچانغىچە سۈت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تىنەپ يۈرۈيدۇ؟ بىز ئۇيغۇر مىللىتى قاچانغىچە خۇراپاتلىق، پاسسىقلىق، بىلىمسىزلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي كونىچە كۆز قاراش، كونىچە ئىدىيەگە ئېسىلىۋېلىپ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشايمىز؟ ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتەك ئەۋزەل سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، مەدەنىيەتلەر ئالماشتى، جەمئىيەتنىڭ ھەرساھە، ھەر قاتلاملىرىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر، تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، شۇنىڭغا ماس ھالدا ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىمىزمۇ يېڭىلىقلار ئاساسىدا زامانىۋىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، قىز - ئاياللىرىمىزمۇ ئۆز ئېھتىياجىمىزغا قاراپ مودا، ئۆزىگە يارىشىملىق كىيىملەرنى تاللاپ كىيىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇرخانىم - قىزلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇلارنى ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرسا، جەمئىيەتتىكى يېڭىلىقلارنى، يۈزلىنىشلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە ئىدىيە بىلەن ئىزدىنىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ دەۋرىمىز تەرەققىياتىغا ماس ھالدا زامانغا ماسلاشسا بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ خىزمەت قىلماي، پەقەتلا ئۆيگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ ئېرىنى كۈتۈپ، بالىلىرىنى تەربىيەلەپ، خوتۇنلۇق، ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپلا تاشقى مۇھىت بىلەن ئۇچراشمايمەن دېيىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ھەم بۇ بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ تەلىپىگىمۇ پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ، بۇنداق قىلىشقا ھازىرقى شارائىتىمىزمۇ يول قويمايدۇ. نېمە ئۈچۈن جەمئىيىتىمىزدە بەزى قىز - ئاياللىرىمىز شەكىلگىلا ئېتىبار بىلەن قاراپ كونىچە، نادان، خۇراپىي قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تا ھازىرغىچە قۇتۇلالمايدۇ؟... — دېدى ئېرىم.

توغرا، قىز - ئاياللىرىمىز ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلسا ئۇنى جارى قىلدۇرسا بولىدۇ. لېكىن چاكىنا، خۇراپىي، كونا ئادەتلەرنى، قائىدە - يوسۇنلارنى باشقىلارغا باھا بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالساق بولمايدۇ. ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىپ ئورۇنۇش ھەرگىزمۇ بىر ئايالنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ قانداقلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە قىز - ئاياللارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئىش - ھەرىكەتلىرى، ئەمەلىيىتىدە ئىپادە قىلىنىدۇ. بىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىز ئۆزىمىز تۇرۇشلۇق تەبىئىي مۇھىت، كىلىمات شارائىتىمىزغا ماس كېلىپلا قالماي، يەنە ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ زامانىۋى ئېقىمغا ماس ھالدا راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.

گەپنىڭ نېگىزىگە كەلسەك قانداق كىيىنىش، نېمە كىيىش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى، بۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق! گۈزەللىككە ئىنتىلىش، گۈزەللىكنى سۆيۈش ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ ئەسلى تەبىئىتى. دۇنيادا گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغان بىرمۇ ئايال يوق، تارىختىمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىمىز ئوسما بىلەن قېشىنى پەرۋىش قىلىپ، يەرلىك خېنە، جىگدە يېلىمى بىلەن چېچىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ كەلگەن، چاچلىرىنى تال - تال ئۆرۈپ، چىرايلىق دوپپىلارنى كىيىپ، يارىشىملىق ئەتلەس، يىپەك رەختلەردە چىرايلىق كۆينەكلەرنى كىيىپ ئۆزىنىڭ قىز - ئاياللارغا خاس نازاكىتىنى نامايان قىلغان. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە نېمە ئۈچۈن بەزى قىز - ئاياللىرىمىز ئۆزىنىڭ چىرايلىق كىيىنىش مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇنى قەدىرلەپ، ئۇنى ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرماستىن، ئەكسىچە ياتلارنىڭ دىنىي تۈس ئالغان كىيىم - كېچەك ئادىتىگە قارىغۇلارچە ئەگىشىپ، دوراپ، ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولىدۇ؟ بۇ خانىم - قىزلىرىمىزدىكى ساپا مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بىر ئايال، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزدە ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي سۆز - ھەرىكىتى، يۈرۈش - تۇرۇشى بىلەن بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىلغار ئىدىيەۋى ساپا يەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن ئۇلارنى يېتەكلىيەلىگۈدەك، جەمئىيەت بىلىملىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى تەربىيەلىگۈدەك، ئانىلىق ساپا ۋە زۆرۈر شەرت بىزدە ھازىرلىنىشى كېرەك ئىدىغۇ... بىر مىللەتنى تۇغۇپ، ئائىلىنى، بالىلىرىنى توغرا تەربىيەگە ئىگە قىلىدىغان ئانا ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات، خۇراپىي، ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىك تەلىم - تەربىيەسىدىن خەۋەرسىز، مىللىيچە كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى، قىممىتىنى ھېس قىلىشتىن مەھرۇم بولغان، نادان تەربىيەسىز بولسا بۇ ئائىلىدىن قانداقمۇ سۈپەتلىك ئادەم يېتىشىپ چىقسۇن؟

ئىقتىسادى، سانائەت، بازار، كەشپىياتتا ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان يەھۇدىيلارنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بۇ مىللەت ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە قارىغاندا قىز پەرزەنتلىرىنى كۆپ پۇل سەرپ قىلىپ، ئەتراپلىق تەربىيەلەيدۇ، قىزلىرىنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ بىلىملىك، ساپالىق قىلىپ ئۆستۈرىدۇ. چۈنكى يەھۇدىيلار قىز بالا دېگەن بىر مىللەتنى تۇغۇپ، ئۆستۈرۈپ، تەربىيەلەيدىغان ئانا دەپ بىلىپ ئۇلارغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ.

يەنە دۇنيادىكى ئىلغار، ياشاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ياپون مىللىتىگە قارايدىغان بولساق، بۇ مىللەتمۇ قىزلىرىنى ناھايىتى كۆپ ئىقتىساد سەرپ قىلىپ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، بىلىملىك، يوقىرى ساپالىق قىلىپ تەربىيەلەپ، دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇتىدىغانلىرى نۇرغۇن، بۇلارنىڭ مەقسىتىمۇ ياپون قىز - ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىك ئانا بولۇشى ئۈچۈندۇر.

بىزدە قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى، ئۇلارغا بەك كۈچەپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ، دەپ قاراپ، نادان، خۇراپىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە قىزلىرىغا بولغان تەربىيەگە سەل قارايدىغان كىشىلىرىمىزمۇ ھېلىھەم بار.

ئەسلىدە بىر ئايال، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى، مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئەمەلىي سۆز - ھەرىكىتىمىز، يۈرۈش - تۇرۇشىمىز بىلەن بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، يۇقىرى ساپا ۋە پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىمىز بىلەن ئۇلارنى يېتەكلىيەلىگۈدەك، مۇكەممەل جەمئىيەت بىلىملىرى بىلەن ئۇلارنى تەربىيەلىگۈدەك، ئانىلىق ساپا ۋە باشقا زۆرۈر شەرت بىزدە ھازىرلىنىشى كېرەك ئىدى.

جەمئىيىتىمىز، ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان، نادان، خۇراپىي ئادەتلەرنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆلچەم قىلىۋالغان ئاياللار بىلەن تەرەققىي قىلمايدۇ، بەلكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن، يېڭىلىققا ماس ھالدا يۈزلىنىپ، جەمئىيەتتىكى يېڭىلىقلارنى، يۈزلىنىشلەرنى، ئىلغار پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، يېڭىچە ئىدىيە بىلەن ئىزدىنىدىغان، دادىل پىكىر يۈرگۈزىدىغان، تىرىشچان، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ھەم جەمئىيەت ئالدىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئاياللار بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەردە قىز - ئاياللىرىمىز شۈكۈر - قانائەت بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغانمىسا، كونىچە ئىدىيەنى چۆرۈپ تاشلاپ، رىقابەت تۇيغۇسىدا ئىزدەنمىسەك، دەۋرىمىز تەلىپىگە ماسلاشمىساق، ئۆزىمىزگىلا ئەمەس بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ يۈز كېلەلمەيمىز!

پارتىيە، ھۆكۈمەتمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىشنىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق. «خۇراپاتلىق، كونىچە كۆزقاراش» كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تونۇشتىن، ئىلگىرىلەش كۈچىدىن، رىقابەت تۇيغۇسىدىن ئايرىۋېتىدۇ. بىز خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، شەكىلگە، تاشقى قىياپەتكىلا ئېتىبار بېرىپ، شۇنى ياشاشتىكى مىزانىمىز، تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆلچەم قىلىۋالساق، جەمئىيەت، دۇنيانىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە قانداقمۇ ماس ئىلگىرىلىيەلەيمىز؟

باشقىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە ئارىلىشىش كىشىلەر ئارا نارازىلىق كەيپىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقىمۇ دەخلى يەتكۈزىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتقا زىيانلىق بولغان ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. قىز - ئاياللارغا تەكىتلەيدىغىنىم شۇكى: ھەي ئاياللار! ئۆزىڭىزنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى، گۈزەللىكى، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى بىلەن ئەنئەنىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، تارىخىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، خورىماس مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ئەۋلادلىرىمىزغا بىلدۈرۈپ، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان پەرۋىشكار باغۋەنلەر! شۇنى بىلەيلىكى، ئۆزۈڭلارنى كونىلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ ھەقىقىي قىممىتىڭلارنى تونۇپ، بىر ئايال، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئائىلىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئۆتەشتىن سىرت، يەنە ۋاقىت ئاجرىتىپ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگەللەپ، ئۆزۈڭلارنى بىلىم، ھۈنەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆز رولۇڭلارنى، قىممىتىڭلارنى جارى قىلدۇرۇپ، كىيىنىش، ئىش - ھەرىكەت، گەپ - سۆزدە ئىلمىي بولۇپ، دەۋرىمىز تەرەققىياتىغا ماسلىشىشىڭلارنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا)

مۇھەررىر: ئەسقەر ياسىن
ئېلخەت: askaryasin@tom.com

# ۋەتەن قەدرى

تەلئەت ئاتاۋۇللا ئۆزخان



## (بىر جىنايەت گۇماندارىنىڭ پۇشايمان خاتىرىسى)

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددەھ ئايروپورتىدىن گۇاڭجۇغا
قاراپ ئۇچقان نۆۋەتچى ئايروپىلان ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈ-
لۈشى بىلەن تەڭ ماڭمۇ خۇددى قانات چىققاندەك، ئۆزۈممۇ
شۇ تاپتا قاناتلىرىمنى كېرىپ، ئانا ۋەتىنىمگە قاراپ پەرۋاز قى-
لىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا غەرق بولغاندىم. شۇ مىنۇتلاردىكى
ۋەتەنگە بولغان تەلپۈنۈش ھېسسىياتىمغا ھېچ نەرسە تەڭ ئە-
مەس ئىدى. چۈنكى مەن شۇ تاپتا گۈلخاندەك لاۋۇلداپ تۇر-
غان ياشلىق مەزگىلىمنىڭ ئۆچمەس ئىزنالىرى قالغان ئانا يۇر-
تۇم تامان پەرۋاز قىلىۋاتاتتىم. مەن ئايروپىلانىنىڭ تېخىمۇ تېز
ئۇچۇشىنى، باشقا يۆنىلىشكە بۇرۇلۇپ كەتمەي، گۇاڭجۇ ئايرو-
پورتىغا بىخەتەر قونۇشىنى تىلەيتتىم. 18 يىللىق سەرسانچىلىق،
18 يىللىق يوقسىزلىق، 18 يىللىق غېرىبلىق، 18 يىللىق ھىجران
ئازابى ماڭا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا ۋەتىنىمنىڭ قەدرىنى
تولۇق ھېس قىلدۇرغانىدى. مەن ۋەتەنگە قايتىش نىيىتىگە كې-
لىش بىلەن بىرگە ئۆزۈمنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇر-
غانلىقى توغرىسىدا ئەندىشىلىك خىياللاردىمۇ بولغانىدىم. بىراق
ئايروپىلان گۇاڭجۇ ئايرودورۇمىغا قونغاندىن كېيىن ھېچقانداق
ئاۋارىچىلىققا يولۇقمىدىم. گۇاڭجۇ شەھىرىدە ئىككى كۈن تۇ-
رۇپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئۇچتۇم. ئايروپىلانىنىڭ ئۈرۈمچى تە-
ۋەسىگە كىرگەنلىكى 20 مىنۇتتىن كېيىن يەرگە قونىدىغانلىقى
ئۇقتۇرۇلدى. يۈرىكىم تىپچەكلەشكە باشلىدى، نېمىگىدۇر تەل-
پۈنگەندەك ئايروپىلان دېرىزىسى تەرەپكە بوينۇمنى سوزدۇم،
ئورنۇم ئايروپىلانىنىڭ ئۆتۈشۈش يولى تەرەپتە بولغاچقا يەر
يۈزىنى كۆرەلمىدىم، ئايروپىلان ئاخىرى قوندى. مەنمۇ خۇددى
يىراق - يىراق جايلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇش ئۇۋىسىنى
تاپقاندەك تولىمۇ يەڭگىل ۋە خاتىرجەم ھالدا ئايروپىلاندىن
چۈشتۈم. يۈك - تاقلىرىم يوق ئىدى. سومكامنى كۆتۈرۈپ،
ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتۈپ زالغا چىقتىم، شۇ چاغدا ئالدىمغا
ئىككى ساقچى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇيغۇر ساقچى:
— ئەپەندىم، بىز بىلەن مېڭىڭ، — دېدى ئەدەپ بىلەن.
ئۇلار مېنى بىر ئىشخانىغا ئەكىردى. ئۇ يەردە پۇقراچە كىيىنگەن
ئۈچ - تۆت ئۇيغۇر كادىر بار ئىكەن. ئۇلار ئەھۋالىمنى قىس-
قىچە سورىغاندىن كېيىن پاسپورت ۋە نەرسە - كېرەكلىرىمنى
تەكشۈردى. ئۇلاردىن ياشتا چوڭراق بىرسى مەندىن چەت ئەل-
دىن نېمىشقا كىرگەنلىكىمنى سورىدى:
— تۇرمىدە يېتىش ئۈچۈن كىردىم، — دەپ جاۋاب بەر-
دىم تولىمۇ تەمكىن ۋە خۇشخۇي ھالەتتە. بۇ يەردىكى ھالەتتىن
ئۆزۈمنىڭ قانداق تەقدىرگە دۇچار بولىدىغانلىقىمغا ئاللىقاچان
ھۆكۈم قىلىپ بولغانىدىم. ئۇنىڭسىزمۇ ۋەتەنگە قايتىش نىيىتىگە
كەلگەندىن باشلاپلا، بۇ جەھەتتە ئىدىيەدە تەييارلىقىم بار ئە-
دى. ئۇلار مېنى تەنە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشراق بىرسى:
— بەلكىم بىر ئۆمۈر تۈرمىدە يېتىشىڭ مۇمكىن، — دېدى.
— 18 يىلدىن بۇيان يات ئەللەردە كۆرمىگەن كۈنۈم قال-
مىدى. يېشىم 40 قا بارغاندا ۋەتەن قەدرىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ-
لىقىنى ھېس قىلدىم، ۋەتەن ئالدىدا گۇناھىم بار، شۇڭا ۋەتەن-

www.uyghurkitap.com



نىڭ تۇرمىسىدە بىر ئۆمۈر يېتىشقا رازى، — دېدىم ھاياجانلىق ئاۋازدا.

— ھېسسىياتىڭىزنى چۈشىنىمىز، يات ئەلدە ياشىماق ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس، — دېدى بايىقى ياشتا چوڭ ئادەم ۋە مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ بىر ئىستاكان چاي بەردى، مەن ئۈرۈمچى ئايروپورتىدىن بىر قاماقخانىغا ئېلىپ كېلىندىم. بۇ يەرنىڭ شارائىتى مەن سەئۇدىدا ياتقان قاماقخانىدىن خېلىلا ياخشى ئىكەن، مەن 2011 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىگە يېقىن جايدا يېڭىدىن بىنا قىلىنغان سودا بازىرىدا ئۇششاق تىجارەت قىلىمەن دەپ چەكلەنگەن ئورۇندا يايما ئاچقانلىقىم ئۈچۈن ئون كۈنلۈك تۇتۇپ تۇرۇش جازاسىغا ئۇچرىغانىدىم، شۇ چاغدا مەن بېنگاللىق، ئافرىقىلىق، پاكىستانلىق گۇناھكارلار بىلەن بىللە ياتقانىدىم. كامىرنىڭ بالكونىسى يوق ئىدى، كىچىككىنە روجەكتىن كۈن نۇرى چۈشەتتى، ھاۋا تەڭشىگۈچ ئارقىلىق كامىرنىڭ ئىچى سوۋۇتۇلسىمۇ يەنىلا دىمىق ۋە سېسىق ھاۋا جاننى قىينايتتى. تاماقنىڭ مىقدارى كۆپ بولسىمۇ سۇ قىس ئىدى، ساپ ھاۋا ۋە سۈزۈك ئاسماندىن مەھرۇم بولغان ھالەتتە ئون كۈننى تەسلىكتە توشقۇزغانىدىم، ھازىر مەن تۇرىۋاتقان بۇ كامىرنىڭ شامالداش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بالكونى بار ئىكەن، ئەتىگەن، كەچتە يېرىم سائەتتىن بالكوندا ئىختىيارى ھەرىكەت قىلغىلى بولىدىكەن، يۇرتىمىزنىڭ تامىقىنى زىيادە سېغىنىپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، قاماقخانىنىڭ ھەممە تاماقلىرى ماڭا شۇنداق تەملىك بىلىندى.

ئارىدا ج خ نازارىتىدىن كەلگەن ئىككى كادىر چەت ئەلدە نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى، ۋەتەنگە نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىمنى سوراپ ماتېرىيال ئالدى. مەن بۇ يەرگە قاملىپ 20 كۈن ئۆتكەندە قاماقخانا ساقچىسى كامىرغا كىرىپ نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇشۇمنى، مېنى يۇرتقا ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئادەم كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى، مەن ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا تولىمۇ تېز نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇردۇم ۋە كامىرداشلار بىلەن خوشلىشىپ، ساقچىنىڭ ئالدىغا چۈشتۈم. ساقچى مېنى قاماقخانا قورۇسىدىكى بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى، ئىشخانىدا تۆت ساقچى تۇراتتى، مەن ئۇلارنىڭ مېنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەن يۇرتىمىزنىڭ ساقچىلىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم، ياق پەرەز قىلمىدىم تونۇدۇم! چۈنكى، ئۇلاردىن يۇرتۇمنىڭ ھىدى كېلىۋاتاتتى، سەزگۈلىرىم، قەلب كۆزۈم ئۇلارنى تونۇغانىدى. رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنى ماشىنىغا سېلىپ ھازىرلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى دېدى:

— ئۇكىلىرىم، مەن ۋەتىنىمنىڭ دەردىدە يۈرىكى چاك - چاك كەتكەن بىر ئازغۇنمەن، تەقدىرىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ماڭا قاراڭغۇ، بەلكىم ئېغىر كېسىلىپ كېتەرمەن. مۇمكىن بولسا ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىنى بىر ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ كەتسەڭلار سىلەردىن ئىككىلا ئالەم خوش بولاتتىم، — دېدىم ھاياجانلىق بىر ھېسسىياتتا.

ئۇلار تەلىپىمگە قوشۇلدى. ھەيۋەتلىك بىنالار، ئىككى تەرىپى يېشىل مەخمەلدەك بېزەلگەن ئازادە يوللار، ئاسمان پەلەك ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر، بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ رەتلىك يول يۈرىۋاتقان ماشىنا ئېقىمى ۋە چىرايلىق كىيىنگەن گۈلچىراي ئادەملەرنى كۆرۈپ قەلبىم ئۆركەشلىدى، كۆزلىرىمگە يىغا ئۇلاشتى. 18 يىلنىڭ ئالدىدا قەدىمىمنى يات ئەلگە ئەمەس، ئۈرۈمچىگە ئالمىغىنىمغا مىڭ - مىڭ پۇشايمان قىلدىم. بىز گۈزەل شەھەر ئۈرۈمچىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، خوتەنگە قاراپ يول ئالدۇق، ساقچىلارنىڭ ئارىسىدا تولىمۇ خۇشپېئىل ۋە سۆزمەن بىر بالا بار ئىكەن. ئۇ قىزىق پاراڭلارنى قىلغاچ يول بويىدىكى يۇرتلارنى، ناھىيە، شەھەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ ماڭدى، ئۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. ماشىنا شاياردىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەھەللىلەرنى ئارقىغا تاشلاپ، قۇملۇق تاش يولغا كىردى.

— مەن كىچىك چاغدا تارىم قۇملۇقىنى كېسىپ يول ئالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان، مۇشۇ يول شۇمۇ ؟ — دەپ سورىدىم ساقچىلاردىن، — ياق، ئۇ دېگەن نىيە ناھىيەسىدىن بۇگۈرگە بارىدىغان يول، ھازىر كېتىۋاتقىنىمىز ئارال - خوتەن تاشيولى، يەنە تۆت سائەتتىن كېيىن خوتەن شەھىرىگە بارىمىز، — دېدى ياش ساقچى چۈشەندۈرۈپ، مەن بۇ تۆت سائەتنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى تىلىدىم. شۇ تاپتا ماڭا سائەتمۇ، ماشىنىمۇ ناھايىتى ئاستا مېڭىۋاتقاندەك بىلىندى. يۇرتۇم، ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم ۋە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوست - بۇرادەرلىرىمنى سېغىنىشتىن كېلىپ چىققان تەشنالىقىم شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۆزۈم تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمنىڭ ئېپار ھىدلىق تۇپرىقىدا قانغۇچە ئېغىناپ يېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم ھەم بۇ تىلىكىمنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تىلەيتتىم. ماشىنا يورۇڭقاش دەرياسىدىكى ئازادە، ھەيۋەتلىك كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە مەغرىبتىن كەلگەن ئىللىق شامال ماڭا يۇرتۇمنىڭ خۇش ھىدىدىن خەۋەر بەردى. مەن بۇ خۇشپۇراق ھىدلار ئارىسىدىن ئانامنىڭ ماڭا بەرگەن ئاپپاق سۈتىنىڭ ھىدىنى، دادامنىڭ چېكىسىدىن يىل بويى تەپچىرەپ تۇرىدىغان ئاچچىق تەرنىڭ ھىدىنى سەزدىم، مەن يات ئەل بىلەن ئانا يۇرتۇمنىڭ ھاۋاسىنىڭ بۇ دەرىجىدە پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن، ئاھ خوتەن! ئاھ ۋەتەن! سېنىڭ قەدرىڭگە مەندەك يەتكەن يەنە بىر ئىنسان بارمىدۇ؟ «يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس، ئۆزگە يۇرتنى كۆرمىگىچە» دېگەندەك ئۆز يۇرتىنىڭ قەدرىنى مەندەك ئۆزگە يۇرتتا سەرسان - سەرگەردان، خار - زەبۇن بولغان ئادەملا ھېس قىلالايدۇ. ماشىنا خوتەن شەھىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، قاراقاش ناھىيەلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ قورۇسىدا توختىدى، ج خ ئىدارىسى ماڭا تونۇش ئىدى، چۈنكى، مەن يۇرتىمىزدىن ناھىيە بازىرىغا كىرىپ - چىققۇچە بۇ ئىدارىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتىم. ماشىنىدىن چۈشۈپ يەرگە دەسسىدىم، بۇ چاغدا تاپىنىمدىن كىرگەن بىر ئوتلۇق ھارارەت پۈتۈن بەدىنىمگە يامرىغاندەك

بولدى، ئەگەر ئىدارىنىڭ قورۇسى بېتون بىلەن قاتۇرۇلمىغان بولسا ئىدى، ئۆزۈمنى تاشلاپ قانغۇچە ئېغىناپ يېتىۋالغان بولاتتىم. مەن يېڭىدىن سېلىنغان تۆت قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالدىدىكى گۈللۈككە قارىدىم، گۈللۈكتە رەتلىك سېلىنغان بىر قانچە تۈپ دەرەخ سايە تاشلاپ تۇرغاندىن باشقا گۈل - گىياھ ئۈنمەپتۇ.

— ئايىغىمنى سېلىپ گۈللۈك ئېتىزدىكى توپىغا بىر دەسسىۋالغان بولسام، — دېدىم ساقچىلارغا، ئۇلار ئىجازەت بەردى. مەن گۈللۈككە كىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇردۇم، ئىككى ئالقىنىمغا نەمخۇش، يۇمشاق توپىنى تولدۇرۇپ ئېلىپ، چوڭقۇر نەپەس بىلەن ھىدلىدىم، مېنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىم بەيتول ھەرەمدە ئاللاھقا تېۋىنىپ دۇئا قىلىۋاتقان تەقۋادارغا ئوخشايتتى. ئىچ - ئىچىمدىن پارتلاپ چىققان يىغا ياشقا ئايلىنىپ، كۆزلىرىمدىن مارجاندەك تۆكۈلەتتى، ئالىقىنىمدىكى تۇپراقنى كۆزۈمگە سۈرتكىنىمچە دەمدەردەك بوقۇلداپ يىغلىدىم، نېمىگە يىغلىغىنىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى. شۇ تاپتا ھەسرەت، نادامەت، پۇشايمان، سېغىنىش ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ تۇيغۇ مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. ئىككى ساقچىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئەلەك - سەلەك ھالدا ئىشخانىغا كىردىم، بىر ساقچى «يۈزىڭىزنى سۈرتىۋېلىڭ» دەپ بىر تۇتام تازىلىق قەغىزىنى تەڭلىدى، مەن رەھمەت ئېيتىپ قەغەزنى ئالدىم. يۈز - كۆزۈمنى سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ساقچى:

— بۇ قاراقاش دەرياسىنىڭ سۈيى، ئىچىۋېلىڭ، — دەپ بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇ بەردى، مەن سۇنى بىر كۆتۈرگەنچە ئىچىۋەتتىم. ئۇسسۇدۇممۇ ياكى يۇرتۇمنىڭ سۈيىگە بولغان تەشنالىق چېكىگە يەتتىمۇ، ئىش قىلىپ بۇ سۇ ماڭا مەككە مۇنەۋۋەرلەردىكى زەم - زەمدىنمۇ شېرىن بىلىندى. سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بەدىنىم راھەتلىنىپ، يەڭگىللەپ قالدىم. شۇ كۈنى كېچىنى نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىدا ساقچىلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدۈم، ئەتىسى ئىككى ساقچى مەندىن چەت ئەلگە قاچان چىققانلىقىمنى، قايسى دۆلەتلەرگە بارغانلىقىمنى، نېمە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىمنى سورىدى، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى سۆزلەپ بەردىم.

بىز بەش بالا بولۇپ، مەن ئىككىنچىسى ئىدىم، ئائىلىمىز دېھقان ئىدى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈشۈم بىلەن تەڭ دادام مېنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتماي، ئائىلىدە باشقا ئىشلارغا سالدى. بىر تەرەپتىن ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملەشكەچ، مەھەللىمىزدىكى يەل - يېمىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرگە ياردەملىشىپ ئانچە - مۇنچە پۇل تاپتىم. بۇ ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆز ئالدىمغا يەل - يېمىش تىجارىتى قىلدىم. سالغان دەسمايەم ئاز بولغاچقا، تاپىدىغان پايدىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ 1996 - يىلغا كەلگەندە 8000 يۈەنگە يېقىن پۇل تاپتىم. شۇ يىللاردا كەنتىمىزدە 8000 يۈەن پۇلى بار ئادەم «باي» ھېسابلىناتتى، قولۇمغا پۇل كىرىش بىلەن بىرگە كاللامغا خىيالمۇ كىرىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ مەھەللىمىزدىكى ئابدۇللا ھاجىمنىڭ تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، مەندىمۇ چەت ئەلگە چىقىپ تىجارەت قىلىش ئىستىكى تۇغۇلدى. بۇ توغۇرلۇق خىيال سۈرۈۋاتقان كۈنلەردە قوشنا كەنتتىكى مەمەت ئىمىننىڭ پاسپورت ھەل قىلالايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ چەت ئەلگە چىقىش ئارزۇيۇمنى ئېيتتىم. ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە 5000 يۈەن پۇل، كىملىك، سۈرەت قاتارلىقلارنى تەييارلاپ بەردىم، 1996 - يىلى 10 - ئايدا مەمەت ئىمىن ماڭا پاسپورت بېجىرىپ بەردى. پاسپورتنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن تەلىيىمنى سىناپ بېقىش مەقسىتىدە 1996 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قونجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق پاكىستانغا باردىم. سوس، گىلگىت شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، راۋالپىندىكى «خوتەن راباتى»غا يېقىن جايدا ئائىلە بېزەكلىرى ساتىدىغان زاھىد ئىسىملىك ئادەمدىن ئەرەب ۋە ئوردۇ تىلى ئۆگەندىم، زاھىدنىڭ ئاتا - ئانىسى يەكەندىن بولۇپ، پاكىستاندا تۇغۇلغان ئىكەن، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلگەچكە دەرسنى ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئۆتەتتى. ياتاق، تاماق، ھەقسىز بولۇپ، پاكىستاندا ئوقۇۋاتقانلارنىڭ خىراجىتى سەئۇدى ئەرەبىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇھاجىر بايلارنىڭ زاكات ۋە ئىئانىلىرى ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى، مەن زاھىدتىن زور ئىشتىياق بىلەن تىل ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. 1997 - يىلى 5 - ئايدا يەكەنلىك قاسىم «خوتەن راباتى»غا كەلدى. بۇ ئادەمنىڭ ئۆزگەرتكەن ئىسمى سەيياب بولۇپ، پاكىستاندىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى گېپى ئۆتەتتى. مەن باشقىلاردىن بۇ ئادەمنى مەلۇم تېررورچىنىڭ پاكىستاندىكى ئالاقىچىسى دەپ ئاڭلىغانىدىم. سەيياب ئەھۋالىمنى سورىغاندىن كېيىن، مېنى ئافغانىستانغا بېرىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇنىڭغا «بىر مەزگىل تىل ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن بارسام» دېدىم.

— پاكىستان ھۆكۈمىتىدىن سىلى - بىزگە ياخشىلىق كەلمەيدۇ، بىزگە بىردىنبىر ئىگە بولىدىغان دۆلەت ئافغانىستان، ھازىر ئۇ يەردە ھەسەن ئاكىنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇھاجىرلار جەم بولدى. ئۇلار «ئەلقائىدە»، «تالىبان» بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن تىل ئۆگەنسىلىمۇ، دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلسىلىمۇ ياكى ئەسكىرى مەشىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسىلىمۇ بولىدۇ. پاكىستان ھۆكۈمىتى ئىچكى قىسمىدا سىياسەت تۈزۈپ بولدى، پات يېقىندا پاكىستان نوپۇسىدا بولمىغان بارلىق ئۇيغۇرلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارماقچى، بۇ قېتىم مەسلىھەتىمگە كۆنمىسىلە، تەڭلا بەش كۈندىن كېيىن بارماقلىرىنى چىشلەپ قالىلا، — دېدى سەيياب.

— ئويلىنىپ بېقىپ جاۋاب بىرەي، — دېدىم ئۇنىڭغا، شۇ كۈنلەردە يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل قالمىغانىدى، قورسىقىم

www.uyghurkitap.com

ھەقسىز بېرىلىدىغان ئۇماچ ۋە پوشكالغا قاراشلىق ئىدى. «پاكىستاندا ئۇرۇش بولغۇدەك» دېگەن خەۋەرلەرمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى، كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن ئافغانىستانغا بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. سەييابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1997 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى ئافغانىستانغا بېرىپ، كابۇل شەھىرى ئەتىراپىدىكى «قارغا» ھەربىي تەلىم - تەربىيە لاگىرىدا ئادەتتىكى بەدەن چېنىقتۇرۇشنى قوبۇل قىلدىم. بۇ بىر تېررورلۇق تەشكىلاتى مەشىق لاگىرى بولۇپ، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلارنى بۇ يەردە بىر مەزگىل سىناپ، تەلەپكە لايىق بولغانلارنى خوس ۋىلايىتىدىكى «خەلدان» ھەربىي لاگىرىغا ئەۋەتىدىكەن، مەن بۇ جايدا 10 نەچچە كۈن مەشىققە قاتناشتىم. بۇ يەردە كېرىيەلىك باقى ئىسىملىك ئادەمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن يۈگۈرۈش، مۇشتلىشىش، تۈرلۈك قوراللارنى چۇۋۇش، قوراشتۇرۇش، قارغا ئېلىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مەشىق قىلدىم، ئىككى ئايغا يېقىن تۇرۇش جەريانىدا سەييابىنىڭ ئەينى چاغدا دېگەنلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۈچ ۋاخ تامىقىمىز نان بىلەن قايناقسۇ بولۇپ، ئايدا بىرەر قېتىم سەي - كۆكتات يېيىش نېسىپ بولاتتى. تاغ قاپتاللىرى، ئۆڭكۈرلەر، ئۆزىمىز ياسىۋالغان كەپىلەردە يېتىپ - قوپاتتۇق. مەشىق ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، ھېچكىممۇ ۋايساشقا پېتىنالمايتتى. دىنىي يېتەكچى ۋە ئەسكىرىي قوماندانلارنىڭ تۇرمۇشى باياشاد ئىدى. بۇ يەردە تۈرلۈك كېسەللەر بىلەن ئاغرىپ يېتىپ قېلىش، ئۆلۈم - يېتىم دېگەنلەر ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ھاۋانىڭ ماس كەلمىگەنلىكى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، زىيادە قىلىنغان مەشىق ئىككى ئايدىن كېيىن مېنى ئورنۇمدىن تۇرالماس قىلىپ قويدى. پەيلىرىم تارتىشىپ، پۇت - قوللىرىم كاردىن چىقتى. ئەھۋالىم كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ، بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدىم. ئىشقا يارىمايدىغانلىقىمنى كۆرگەن «قوماندانلار» ئادەم بەلگىلەپ مېنى پاكىستانغا ياندۇرۇپ ئەكىلىپ «خوتەن رابات»قا تاشلاپ قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ باشقىلارنىڭ قولىغا قاراشلىق بولۇپ قالدىم. باشقا تىرىكچىلىك يولۇم يوق ئىدى. سودىگەر بايلار بەرگەن سەدىقىگە تايىنىپ، تېبابەت دورىلىرى ئارقىلىق ئۆزۈمنى داۋالاشقا باشلىدىم. يۇرتقا قايتىپ كېتىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئورنۇمدىن تۇرالماسلىقىم، يوقسىزلىقىم بۇ نىيىتىمنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا توسالغۇ ئىدى. موھتاجلىق، خار - زەبۇنلۇق ئىلكىدە ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدۈم. دادام سودىگەرلەردىن ئەھۋالىمنى ئۇقۇپ، 500 دوللار ئەۋەتىپتۇ، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ۋىجدان ئازابى چىرماپ، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغانغاندەك ئېچىشتى، ئۆزۈمنىڭ ئەقىلسىزلىقى، ۋىجدانسىزلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندۈم. 500 دوللار دېگەن بىزنىڭ پۇلىمىزدا 4000 يۈەن دېگەن گەپ ئىدى. بىچارە دادام بۇ پۇلنى غەملەش ئۈچۈن كىملەرنىڭ ئالدىدا چىرايىنى سارغايتقاندۇ؟ تۆت - بەش قويدىن باشقا پۇلغا يارىغۇدەك تۈزۈك بېساتىمىز بولمىسا، قانداق قىلىپ بۇ پۇلنى غەملىگەندۇ؟ تەندۇرۇس بىر يىگىت تۇرۇپ، مۇشۇ كۈنلەردە ئاتا - ئانامنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، يات ئەلدە خارلىنىپ يۈرگەن مەندەك ئەقىلسىزنىمۇ ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ بۇ پۇلنى خەجلەشكە كۆڭلۈم قانداقمۇ ئۇنىسۇن؟ بۇ پۇلنى خىراجەت قىلىپ، يۇرتقا كېتىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئۆزۈمنىڭ ئافغانىستانغا بېرىپ قالغان خاتالىقىمنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ، يۇرتقا قايتىشقا جۈرئەت قىلالماي داۋاملىق پاكىستاندا تۇرۇپ قالدىم. يۇرتقا ماڭىدىغان تونۇشلار ئارقىلىق بۇ پۇلنى دادامغا قايتۇرۇۋېتىشنى نىيەت قىلدىم. بىر - ئىككى ئاي ساقلىغان بولساممۇ، ئىشەنچلىك بىرەر تونۇش تاپالمىدىم. تاشتىنمۇ قاتتىق يوقسۇزلۇق ۋىجدان، غۇرۇرۇمدىن غالىب كېلىپ، بۇ پۇلنى خەجلەشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇ پۇلنى تولىمۇ تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىپ، داۋالىنىشقا كىرىشتىم، بۇ جەرياندا ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ساقچىلىرى پاكىستانغا كېلىپ، مەن تونۇيدىغان بىر قانچە ئادەمنى ۋەتەنگە قايتۇرۇپ كەتتى. ئافغانىستاندا ئۇزاق تۇرمىغانلىقىمدىنمۇ ياكى ھازىرقى كېسەللىك ھالىتىم سەۋەب بولدىمۇ، مەن بىلەن ئۇلارنىڭ كارى بولمىدى. دادامنىڭ قولى تەگكەن پۇلنىڭ بەرىكىتىدىن بولسا كېرەك، كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدىم. بەش يىل كېسەل ئازابى تارتىپ، تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇردۇم، بۇ بەش يىل جەرياندا كۈنلىرىمنى باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، تىل ئۆگىنىشنى توختاتمىدىم، پۇت - قولۇم ساق بولمىسىمۇ ئەقلىم جايىدا ئىدى. قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمىگەچكە، تىل ئۆگىنىشنى روھىي ئازابىمنى يەڭگىللىتىشنىڭ ئۇسۇلى قىلىۋالغانىدىم. تىرىشچانلىقىم بەدىلىگە ئوردۇ تىلىدا بىمالال سۆزلىشەلەيدىغان، ئوردۇچە گېزىتنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان ھالەتكە يەتتىم. ئەرەبچە، ئىنگلىزچە تىللاردا تۇرمۇش ۋە تىجارەت ھاجەتلىرىمدىن چىقالايدىغان بولدۇم، سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ھالال مېھنىتىگە تايىنىپ جان بېقىش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلدىم، سودىگەرلەرگە تەرجىمانلىق قىلدىم. ماللىرىنى ساقلىدىم، دۇكان، سارايلارغا يول باشلىدىم، شۇنچىلىك تىرىشقان بولساممۇ يانچۇقۇم توشقۇدەك پۇل كۆرمىدى، ئىشلەمچىلىك قىلىپ تاپقان پۇل كۈندىلىك چىقىمىمغا ئاران يېتەتتى. ئىلگىرىكىدەك ھەقسىز ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىشنىڭ ئايىغىنىمۇ قۇم باسقانىدى. پۈتۈن خىيالىم ئازراق بولسىمۇ پۇل تېپىپ ۋەتەنگە قايتىش ئىدى، ئەمما پۇل دېگەن نەرسە ماڭا ئالدىنى قىلمىدى، مەن تاپقانغا شۈكرى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋدۇم. 2009 - يىلى 7 - ئايدا گېزىتتىن ئامېرىكىنىڭ ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانى پا-

كىستان تەۋەلىكىگە قېچىپ كەلگەن «ئەلقائىدە» تەشكىلاتىنىڭ
ئەزالىرىنى ئوقۇ تۇتقانلىقى، 150دەك ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى،
بۇنىڭ ئىچىدە 40 دىن ئوشۇق ئۇيغۇرنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرى-
سىدىكى خەۋەرنى ئوقۇتۇم، باشقىلاردىن ھەسەننىڭ پاكىستان
ئارمىيەسى تەرىپىدىن ۋەزىرىستان رايونىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى
ئاڭلىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ كاللامغا تۇرلۇك ئەندىشىلىك خى-
ياللار كىرىۋالدى، يەنى پاكىستاندىن كەتمىسەم مېنىمۇ پىشكەل-
چىلىك باسىدىغاندەك تۇراتتى. 2009 - يىلى رامىزاننىڭ ئاخى-
رىدا پاكىستاندا تىجارەت قىلىۋاتقان 50 دەك ئۇيغۇر سودىگەر
سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلامئابادتا تۇرۇشلۇق
كونسۇلخانىسىغا ھەج قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار-
نىڭ تەلىپى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىگە ئۇي-
غۇن كەلدىمۇ، ئۇلارنىڭ تەلىپى ناھايىتى تېزلا تەستىقلاندى.
تىل بىلگەنلىكىمدىن ئىبارەت ئارتۇقچىلىقىمنى نەزەرگە ئېلىپ،
ئۇلار مېنى ھەج قىلىدىغانلار قاتارىغا قوشۇۋالدى. ئايروپىلان
بېلىتىنىمۇ شۇلار ئۇستىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ 2009 - يىلى
11 - ئايدا سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا
قىلدىم. ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سودىگەرلەرگە
ياردەملىشىپ تەرجىمانلىق قىلدىم، ماللىرىنى ساقلىدىم، پاكىس-
تانغا قارىغاندا سەئۇدىدا پۇل تېپىش ئاساندەك بىلىندى. چۈن-
كى، سودىگەرلەرگە 15 كۈن ياردەملىشىپ 1200 رىيال پۇل
تېپىپتىمەن. بۇ دېگەن بىزنىڭ پۇلىمىزدا 2000 يۈەن دېگەن
گەپ ئىدى. ھەج قىلغۇچىلار قايتقاندىن كېيىن مەككىدە قال-
دىم ھەم ياقۇپ راباتتا ھەقسىز تۇردۇم. مەككىدىكى خوتەنلىك
سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولدۇم. يانچۇقۇم پۇل
كۆرۈشكە باشلىدى. 2011 - يىلى ھەج مەزگىلىدە خوتەنلىك
توختى موللام دېگەن كىشىگە ياردەملىشىپ 1 مىليون رىياللىق
سودا قىلىپ بەردىم، ئۇ بۇ سودىدىن ئاز دېگەندىمۇ 300 مىڭ
رىيال پايدا ئالغانىدى، مەن ئۆز كۆڭلۇمدە ماڭا 5000 رىيال
بېرىدىغۇ دەپ ئويلىغانىدىم، ئۇ ماڭا 2200 رىيال بەردى.
مەن بۇ دۇكاندىن چىقىپ كېتىپ، ئۆز ئالدىمغا تىجارەت قىلىش
نىيىتىگە كەلدىم. 2012 - يىلدىن باشلاپ مەككە شەھىرى ئەت-
راپىدىكى كۇدەي، ئەزىرىيە دېگەن جايلاردا ئۇششاق تاۋار
يايمىسى ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلدىم. 2015 - يىلىنىڭ بېشىغا
كەلگەندە ئۆي ئىجارىسىدىن ئېشىپ 12 مىڭ دوللارنىڭ ئىگە-
سى بولۇپتىمەن، مەن يۇرتتىن چىققانلاردىن مۇشۇ پۇل بىلەن
ۋەتەندە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، ئەركىن - ئازادە قىينىچى-
لىقسىز ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ۋەتەنگە
قايتىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇنىڭسىزمۇ مېنىڭ ۋەتەنگە بولغان
سېغىنىشىم بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالمىغانىدى. سەپەر تەييارلىقى
قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلگەنلەر ئالدىمنى توستى، ئۇلار ئىلگىرى
ئافغانىستانغا بارغانلىقىمنى، ۋەتەنگە بارسام، ھۆكۈمەتنىڭ مېنى
تۈرمىگە سولايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشتى. مەن ئۇلارغا:

— مەن ئافغانىستانغا باشقىلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بار-
غان، تۇرغان ۋاقتىممۇ ئۇزۇن ئەمەس، گەرچە ئىككى ئاي مە-
شىققە قاتناشقان بولساممۇ، بىرەر پاي ئوق ئېتىپ باقمىدىم،
ھېچقانداق جەڭگىمۇ قاتناشمىدىم، ھازىرغىچە ھەر قانداق بىر
ئىنسانغا، ھەتتا چۈمۈلىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلمىدىم.
ھۆكۈمەتمۇ ئۇ يەردىكى ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ، گۇ-
ناھىمغا تۇشلۇق جازا بەرسە مەن رازى، ھېلىمۇ رىزقىم بار ئى-
كەن. ناۋادا ئاشۇ ھەسەن موللىنىڭ ئادەملىرىگە قوشۇلۇپ قال-
غان بولسام جەسىتىم قايسى تاغلاردا كېپەنسىز قالار بولغىيتتى،
شۇڭا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ۋەتەنگە قايتقىنىم قايت-
قان، ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ
دىدارىنى بىر كۆرۈۋېلىپ، ۋەتەن تۇپرىقىدا جان بەرسەم ئار-
مىنىم يوق، — دېدىم يىغلاپ تۇرۇپ، مۇھاجىر ۋەتەنداشلى-
رىممۇ بۇقۇلداپ يىغلاشتى ھەم سەپىرىمگە ئاق يول تىلەپ
كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى. 2015 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى
ۋەتەنگە قاراپ يول ئالدىم.

ئاخىرىدا پۇشايمانلىق باياتلىرىمغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان
ساقچى قېرىنداشلىرىمغا شۇنداق دېدىم:

— قېرىنداشلىرىم، ئىنسان نادان، بىلىمسىز بولماسلىقى
كېرەك ئىكەن، مەن نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم،
دوزاخنى جەننەت دەپ بىلىپ، كۆرمىگەن خورلۇقۇم قالمىدى.
مەندەك نادانلىق پاتقىقىدا جان تالىشىپ يۈرۈۋاتقان تالاي قې-
رىنداشلىرىمغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا كىم
ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي ھاياتىدىن
ئايرىلىدۇ. ئىنسان ھاياتى بىلەن ئوينىشىدىغان، تەقۋادارلىق
تونىغا ئورۇنۇۋالغان بىر تۈركۈم تەلۋىلەر ئاللاھنى سۆيۈشتې-
مال قىلىپ دوزاختا مەھكۇم جىنايەتلىرى بىلەن لەنەتكەردى
بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇنى بىز نادانلار ھېس قىلالماي ئىتتەك
ئۇلارغا ئەگەشتۇق. بۈگۈنكى كۈندە پۇشايمىنىم، ھەسرىتىم
يۈرىكىمدىن سەل بولۇپ تېشىۋاتىدۇ. ئەمما كېچىكتىم، ئۇلار
بىلەن ئېغىز - بۇرۇن ياللاشقان كەچمىشىم بار. بۇنىڭ ئۈچۈن
قانۇننىڭ ماڭا بەرگەن ھەرقانداق جازاسى ھەق. ھازىر ئۆ-
زۈمنى بەختلىك سانايدىغىنىم شۇكى، مەن ۋەتەن تۈرمىسىدە
ياتىمەن، ۋەتەننىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىمەن، ۋەتەنداشلىرىم
بىلەن بىرگە ياشايمەن ...

(ئەسەردىكى كىشى ئىسىملىرى ئۆزگەرتىلدى)

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر: ئەسقەر ياسىن
ئېلخەت: askaryasin@tom.com

www.uyghurkitap.com





# شائىرلىرىمىزنىڭ چاقچاقلىرى

◉ مۇھەممەد شاۋۇدۇن

(بېشى ئالدىنقىساندا)

## تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىق رەھبەرلەرگە قىلغان چاقچاقلىرى

1) ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن تېيىپجان ناھايىتى يېقىن دوست ئىدى. بىر يىلى ئىسمائىل ئەھمەد بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە بارغاندا، تۇرمۇش ئۆگەنسۇن دەپ تېيىپجاننىمۇ بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇلار خوتۇنسۇمۇل ناھىيەسىنىڭ يۇلتۇز يېزىسىغا بارغاندا، ھاۋاسى شالاڭ بولغاچقا، ئوتلاق ۋە چارۋىلارنى ماشىنىدا ئولتۇرۇپ كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ئۇلار بىر تاغ باغرىغا كەلگەندە، قورۇر بېسىپ، تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر ئورۇق قوتاز بالىسىنىڭ قاپتالدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئىسمائىل ئەھمەد تېيىپجاننىڭ «كالا» لەقىمگە بىشارەت قىلىپ:

— تېيىپجان، ئاۋۇ قوتاز بالىسىغا قاراڭ، نېمە دېگەن ئەبگاھ، چوڭ بولسا نېمە بولار؟ — دەپتۇ. تېيىپجان كۈلمەي تۇرۇپ دەرھاللا:

— ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئىسمائىل ئەھمەد بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ماشىنىدىكى باشقىلار بۇنى چۈشەنمىگەچكە ھەيران بولۇپ:

— تېيىپجان، قوتاز بالىسى قانداقچە ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولىدۇ؟ — دەپتۇ. تېيىپجان:

— بۇنى رەئىستىن سوراڭلار. ئۇ كىشى ئورۇنلاشتۇرسىلا باش كاتىپ بولالايدۇ، — دەپتۇ مەنىلىك كۈلۈپ. ئىسمائىل ئەھمەد تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ:

— تېيىپجان ئوخشىتىۋاتىدۇ. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ باش كاتىپىنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ لەقىمى قوتاز، — دېگەندىن كېيىن ئۇلار گەپنىڭ تېگىنى چۈشىنىپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

2) شىبەلەر ھەر يىلى دېھقانلار كالىندارى بويىچە ئاپرېلدا شەرقىي شىمالدىن يولغا چىقىپ چاپچال ناھىيەسىگە كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەيدۇ. بۇ بايرام بىر يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئۇلانبايدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئىسمائىل ئەھمەد، يۈسۈپ مۇھەممىدى، تېيىپجان قاتارلىقلار بۇ بايرامغا قاتناشقانىكەن. ئۇلار سورۇندا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا، ئىسمائىل ئەھمەد يېقىن يەردە ئوتلاۋاتقان بىر كالىنى تېيىپجانغا بىشارەت قىلىپ، يېنىدا ئولتۇرغان يۈسۈپ مۇھەممىدىدىن سوراپتۇ:

— ھازىر بازاردا بىر كالىنى نەچچە پۇلغا ئالىدۇ؟

يۈسۈپ مۇھەممىدى ھېچنېمىنى سەزمەي تۇزلا:

— 300 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە ئالىدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئىسمائىل ئەھمەد دەرھال تېيىپجانغا قاراپ:

— قارى، سىلەرنىڭ نەرقىڭلارمۇ چاغلىقكەنغۇ، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. تېيىپجان دەرھاللا:

— بىر موچەنگە 20 دىن توختايدىغانلارغا قارىغاندا خېلىلا پۇلغا يارايمىز، — دەپتۇ ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يۇرتى بولغان چىرا ناھىيەسىنىڭ «ئاچچىق ئۆرۈك» دېگەن لەقىمگە كەلتۈرۈپ. ئىسمائىل ئەھمەد ئولتۇرغانلار بىلەن تەڭ كۆزىدىن ياش چىققۇچە كۈلۈپ:

— كەلدى، كەلدى... جايىدا... — دەپتۇ.

تېيىپجان يەنە:

— ئەگەر «ئاچچىقىم» نى كەلتۈرمىسىلە بۇنچىۋالا سۆزلەپمۇ كەتمەيتتىم، — دەپتىكەن.

ئىسمائىل ئەھمەد:

— يەنە كەلدى، — دەپ يەنە كۈلۈپ كېتىپتۇ.

## تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ پەتتارجان مۇھەممەدكە قىلغان چاقچاقلىرى

1) پەتتارجان مۇھەممەد 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا «تارىم» ژۇرنىلىغا مەسئۇل بولغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «گېزەندە»، «قارا يىپ» بولۇپ، تېيىپجان قاتارلىقلار بىلەن بىرگە تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەش، پىپەن قىلىن-

غان، ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان. بىر كۈنى پەتتارجان قاتارلىقلار ياتقان يېرىدىن مەيدانغا مېڭىپتۇ. پەتتارجان يېنىدىن ئايرىمايدىغان بىر چايدان بار ئىكەن، ماشىنىغا چىققۇچە ئالدىراشچىلىقتا بۇ چايدان چېقىلىپ كېتىپتۇ. ماشىنىغا چىقىپ ماڭغاندىن كېيىن تېيىپجان دەرھال مۇنۇ قوشاقنى توقۇپ ئوقۇپتۇ:

بىز ماڭغاندا مەيدانغا،
زىيان بولدى چايدانغا.
زىيان بولسا بولمامدۇ
پەتتار دېگەن شەيتانغا.

ھەممەيلەن غەم - قايغۇدا ئولتۇرغاندا بۇ قوشاقنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

2) بىر كۈنى تېيىپجان بىلەن مۇھەممەد رەھىم دامكا ئويناپ قاتتىق تۇتۇشۇپ كېتىپتۇ. تېيىپجان ئوتتۇرا يول بىلەن ئىلگىرىلەپ مېڭىپتۇ. مۇھەممەد رەھىم ئالدىنى توسۇپتۇ. ئەتراپىدا پەتتارجان قاتارلىق بىر نەچچە كىشى قاراپ تۇرغانىكەن. ئارىدىن پەتتارجان:

— تېيىپجان، سىزنىڭ ئاشۇ ئىككى تېشىڭىز يولىڭىزنى توسۇۋالدى، — دەپتىكەن.

تېيىپجان شۇ ھامان:

— ۋاي پەتتارجان، مەن بۇ ئىككى تاشنىڭ دەردىنى بەك تارتتىم جۇمۇ، — دەپتىكەن ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئايرىم چاقچاقلىرى

1) مۇھەممەد تاتلىققا قىلغان چاقچىقى

سەيپىدىن ئەزىزى يازغان «كۈرەش يولى» ئوپېراسىنى قايتا سەھنىلەشتۈرۈش مەقسىتىدە 1976 - يىلى ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. بۇ گۇرۇپپا مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن نازىرى، شائىر، دراماتورگ مۇھەممەد تاتلىق، تېيىپجان ئېلىيېف، چىن سۇن، كومپوزىتور جۇجى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان. خەنزۇچە يېزىلغان بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا تېيىپجان گەرچە خەنزۇچىنى بىلمىسىمۇ، مەزمۇننى ئوقۇۋالسىلا ئاجايىپ ئەپلىك تەرجىمە قىلىپ، ئۆزىنىڭ تىل سەنئەتكارلىق ۋە شائىرانە ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. باشقىلار بۇنىڭغا قايىل بولۇپ، قالتىس ئوبدان بولۇپتۇ، دەپ ماختاشقان. تېيىپجان كەمتەرلىك بىلەن:

— ئۇنچۇۋالا ئەمەس. سىلەرنىڭ تەرجىمەڭلارنىمۇ ئاڭلاپ باقىلى، — دېگەن.

مۇھەممەد تاتلىق كۈلۈپ:

— بولدى تېيىپجان، قوينى قاسساپ سويسۇن، — دەپتۇ.

تېيىپجان دەرھال:

— ئېتى تاتلىقنىڭ گېپىمۇ تاتلىق ئىكەن. مەن تېخى چوڭراق مالنىڭ ئېتىنى ئاتاپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، — دەپتىكەن ھەممەيلەن بىر ھازاغىچە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ.

2) بىر پېشقەدەم سەنئەتكارغا قىلغان چاقچىقى: 1970 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ ئۆيىدە بولغان مېھماندارچىلىقتا تېيىپجاننىڭ «كالا» دېگەن لەقىمىگە قارىتىپ كەينى - كەينىدىن چاقچاق قىلىنىپ، كۈلكە - چاقچاق ئەۋجىگە چىقىپتۇ. قاتتىق كۈلكىدىن تېيىپجاننىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىپتۇ. ساھىپخان:

— بۇ چاقچاق جۇمۇ، كۆڭلۈڭلارغا ئالماڭلار، تېيىپجان، — دەپتۇ.

— يوقسۇ چاقچاقنى چۈشەنمىگەنلىك نادانلىقنىڭ ئالامىتى. ماڭىمۇ بىر ئىلھام كېلىپ قالدى، سىلىمۇ دوستۇم تۇرۇپ لەقەممنى چىشلەپ تارتتى دەپ رەنجىپ يۈرمەڭلا، — دەپتۇ تېيىپجان.

ساھىپخان يەنە:

— مېنىڭ بىر تۇرماق ئىككى لەقىمىم بار. قېنى شائىر بولغاندىكىن كەلتۈرۈپ بېقىڭلا، — دەپتۇ.

ئەسلىدە راستىنلا ساھىپخاننىڭ «تۆگە»، «ساراڭ» دېگەن ئىككى لەقىمى بار ئىكەنتۇق. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ:

— قېنى تېيىپجان، بىر كۈلدۈرۈڭلىچۇ، — دەپ تۇۋلىشىپتۇ. تېيىپجان مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر توقۇپتۇ:

ئەتىيازدا كۈيە چۈشكەن جۇۋىسەن،
چارشەنبىدە جىنلار بىلەن بىللە سەن.
خۇدا ساڭا ئاتا قىپتۇ قوش سۈپەت،
شۇبھىسىزكى ھەم ساراڭ سەن، تۆگىسەن.

بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ ئۆيدە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپتۇ. بەزىلەر كۈلكىدىن ئۆزىنى باسالماي گىلەمگە ئۆزىنى تاشلاپ دومىلاپتۇ. بەزىلەر ئاغزىدىكى چاينى پۈركۈۋېتىپتۇ. يالغان چىش سالدۇرۇۋالغان بىر مېھماننىڭ چىشى ئۈستەلگە تۇروكلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. بەزىلەر تۆيۈقسىز كۈلۈپ تېلىقىپ يۆتىلىپ كەتكەنلەرنىڭ دۈمبىسىنى مۇشتلاپتۇ.

بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ كارامىتى شۇ يەردىكى، ئەتىيازدا ئەسكى جۇۋىغا كۈيە چۈشىدىغانلىقى، كۈيە چۈشكەن جۇۋىنىڭ تۆگە يۇڭىدا ئېتىلىدىغان بولۇشى بىلەن ساھىپخاننىڭ «تۆگە» لەقىمىدىن بېشارەت بېرىلگەن. چارشەنبىدە جىنلار بىلەن دېگەن سۆزگە كەلسەك، دىنىي رىۋايەتلەردىكى چارشەنبىدە جىنلار توپ - توپ بولۇپ ئۆۋىلىرىدىن چىقىپ ھەرىكەت قىلارمىش، دېگەن گەپتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، جىن بار يەردە ساراڭمۇ بار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى تەڭ سوققان.

بىر دەقىقە ئىچىدە شۇ قەدەر تېز، دەل جايىدا كەلتۈرۈلگەن بۇ چاقچاق ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرغان.

3) پېشقەدەم سەنئەتكار يولۋاسخانغا قىلغان چاقچىقى: تېيىپجان بېيجىڭدا بىر نەچچە سەنئەتكارلار بىلەن ئولتۇرغان بىر سورۇنغا يولۋاسخان ئىشكنى چېكىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي ئالدىراپ كىرىپ كەپتۇ. تېيىپجان ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن ئەلپازىنى كۆرۈپ:

— ھوي - ھوي يولۋاسخان، نېمىنداق سايغا چىققاندەك[1] تەمتىرەپ كەتتىڭلار؟ نېمە ئىش بولدى، — دەپ سوراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يولۋاسخان ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللەپتۇ-يۇ، دەرھال بىرنېمە دېيەلمەي سول بىگىز بارمىقى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى «خەلق گېزىتى»نى كۆرستىپ ئارانلا:

— مانا قاراڭلار، قاراڭلار! سۇن جۇڭشەن ئەپەندىم تۈگەپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! — دەپتۇ. ھەممەيلەن گېزىتتىكى سۈرەتكە قاراپ، ئۇنىڭ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئەمەس، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوڭ بىۋۇ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

تېيىپجان شۇھامان:

— بەللى، بەللى يولۋاسخان، بۇ دېگەن دوڭ بىۋۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

يولۋاسخان:

— ھە؟... راست دەيسىلە، ئاداش، ئالدىراشچىلىقتا خەنزۇچىنى تونۇمىغاچقا دەپ سايتمەن، — دەپتۇ.

— خەتنى تونۇمىساڭلارمۇ سۈرەتتىكى ئادەمنى تونۇشۇڭلار كېرەك - تە، — دەپتۇ تېيىپجان.

— ئۇشتۇمتۇت ئۇسسۇپ كىرىپ[2] مالال قىلىپ قويدۇم ھەر قايسىلىرىنى، مەن چىقاي، — دەپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىپتۇ يولۋاسخان.

— توختاڭلار ماۋۇ گېپىڭلار جايىغا چۈشتى. بىراق، بۇ خەۋەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزگىنىڭلار ئۈچۈن سىلىنى بىر - ئىككى كۇپلىت شېئىر بىلەن تارتۇقلاپ قوياي. يادىكار بولۇپ قالسۇن، — تېيىپجان شۇنداق دەپلا ئۇستەلگە ئېگىشىپ، بىر ۋاراق قەغەزگە تېز - تېز بىر نېمىلەرنى يېزىپ، يولۋاسخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. ئۇ مۇنداق شېئىر ئىكەن:

ۋاپات بولغىنى دوڭ بىۋۇ تۇرسا،
سۇن جۇڭشەننى تۈگەپتۇ دەمسىز.
تېخىچىلا جېنىم يولۋاسخان
«سەنمىنجۇيى»نى تووۋلاپ يۈرەمسىز.

ئىككىمىزنىڭ لەقىمى يېقىن،
پەرقى سىزدە مۈڭگۈز يوق بىراق.
قالايمىقان جۆيلىمەڭ دوستۇم،
ئۇشبۇ شېئىر سىزگە بىر چاقچاق.

دوڭ جۇشنى تونالمىسىڭىز،
خەلقئالەم قىلمامدۇ مازاق؟
ئېيتىۋەرمەي راۋاب قوشقى[3]،
ئىلمىدىنمۇ ئۆگىنىڭ ئازراق.

4) تېيىپجاننىڭ پېشقەدەم سەنئەتكار مۇھەممەد شىرىپكە قىلغان چاقچىقى:

1975 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئۇلگىلىك بېيجىڭ تىياتىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەييارلىغان «قىزىل چىراغ» بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلغان. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 2000 دىن ئارتۇق سەنئەتكار شىۋەن مېھمانسارىيىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. شۇ كۈنلەردە گۇاڭدۇڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئوپۇن كېچىلىكىدە راۋلەن ئىسىملىك بىر خەنزۇ قىز گۇاڭدۇڭ تىياتىرىنىڭ بىر ناخشىسىنى ئېيتقان. بۇ قىز ھەيران قالغۇدەك گۈزەللىكى، ناخشا ئېيتىش تالانتى بىلەن ھەممەيلەننىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگەن. ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ پېشقەدەم سەنئەتكارى مۇھەممەد شىرىپ بىر كۈنى مېھمانساراي قورۇسىدا ئۇ قىزنى كۆرۈپ پاراڭلاشقان. ئارتىسلار ئارىسىدا بۇ توغرۇلۇق ھەرخىل قىزىق چاقچاقلار بولغان.

ئاشۇ چاغدىكى ئىنچىكە ۋەزىيەتتە بۇ چاقچاق تۈپەيلى ھۆرمەتلىك سەنئەتكار مۇھەممەد شىرىپنىڭ كۈتۈلمىگەن پىشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاسراش مەقسىتىدە تېيىپجان «مەسلىھەت» دېگەن شېئىرنى يازغان. بۇ شېئىر تولىمۇ سەممىي يېزىلغان:

مۇھەممەد شىرىپ، مەتشىرىپ،
ئۆزۈڭمىغۇ مەرد شىرىپ.
نېمانچىلا تويمايسەن،
راۋلەن قىزغا سەپسېلىپ.

سەگەك بولغىن ھەرقاچان،
مۇھەممەد شىرىپ، مەتشىرىپ.
راۋلەن قىزغا كۆيدۇم دەپ،
يۈرمىگىن سەن ئىش تېرىپ.

بىر بالاغا قالمىغىن،
تىنچ كۆڭلۈڭگە دەرد سېلىپ.
كەلسە - كەلمەس چاقچاقنى
ئۇ قىزچاققا دەپ سېلىپ.

تەشكىل - تۈزۈم دېگەننى
ئۇنتۇپ قالما مەتشىرىپ.
ساۋداۋيەن[4] بىلىپ قالسا،
تۈگىتەلمەيسەن تەكشۈرۈپ.

مەسلىھەتىم شۇ ساڭا،
مۇھەممەد شىرىپ، مەتشىرىپ.
خوتۇنۇڭ تۇغاي دەپتۇ،
ئۆرۈمچىگە كەت شىرىپ.

بۇ شېئىر شۇ ۋاقىتتا ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىپ، سەنئەتكارلار ئارىسىدا كۈلكىلىك پاراڭ ۋە خۇش چاقچاقلارنىڭ قىزىق تېمىسى بولۇپ قالغان.

## ئالتاي يايلىقىدىكى چاقچاق

1981 - يىلى ئالتاينىڭ ۋالىيسى قارىس تېيىپجاننى چىڭگىل ناھىيەسىدە ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. تېيىپجان بۇ پائالىيەت داۋامىدا قىزغىن كۈتۈۋېلىنىپتۇ. قېرىنداش قازاق خەلقى، رەھبەرلەر ۋە ئاقىنلار تېيىپجانغا يۇقىرى ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.

تېيپجان چىڭگىل يايلاقلىرىدا قازاق ئاۋۇللىرىنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىر مالچىنىڭ كىگىز ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇلار ئىسسىقتا بەك ئۇسساپ كەتكەن بولغاچقا، ساھىبخان بىلەن تونۇش بىرى شەپە بېرىپ:

— ھە، قىنى كەۋسەر، — دېيىشى بىلەن تەك چىرايلىق بىر كېلىنچەك تېيپجاننىڭ ئالدىغا قىمىز ئەكىلىپ قويۇشقا باشلاپتۇ. تېيپجان «كەۋسەر» دېگەننىڭ ھېلىقى چىرايلىق كېلىنچەكنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلمەي قازاقلار ئۆز ئىچىدە قىمىزنى شۇنداق ئاتىشىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ. تېيپجان ئۇسسۇزلۇقتا قىمىزنى كۆپرەك ئىچىپ قىزىرىپ كېتىپتۇ.

قاتىس ۋالىي:

— تېيپجانكا، مەست بولاي دەپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — دەپتىكەن، تېيپجان ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— كەۋسىرىڭ تەپتىغۇ، — دەپتۇ. شۇھامان ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. بىراق، قىمىز قويۇپ بېرىۋاتقان كېلىنچەك يەرگە قاراپ ۋىللىدە قىزىرىپ كېتىپتۇ. تېيپجان شۇنىڭدىن كېيىن كېلىنچەكنىڭ ئىسمى «كەۋسەر» ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن «كەۋسەر» دېگەن مۇنۇ شېئىرنى يېزىپتۇ:

چوڭ چىڭگىل يايلىقىنى كېزىپ يۈرۈپ،
ئۇسسىدۇق دەپ بىر كىگىز ئۆيگە كىرسەك،
«ھە، قىنى كەۋسەر» دېگەندى بىرى،
ئەپكىلىپ قىمىز قۇيدى بىر كېلىنچەك.

قىمىزدىن لەززەتلىنىپ شۇڭا ئۇنى
«كەۋسەر» دەپ ئاتايدىكەن دەپ قاپتىمەن.
قىزىرىپ كەتتى دېسە بىرى ماڭا
«كەۋسىرىڭ تەپتىغۇ بۇ» دەپ ساپتىمەن.

شۇ سۆزدىن كۈلۈشۈپ كەتتى ئۆيدىكىلەر،
قىزاردى ئۇ كېلىنچەك مەندىن بەتتەر.
كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئېتى كەۋسەر ئىكەن،
شۇ سۆزنى دەيتتىم يەنە بىلسەم ئەگەر.

## تۇختى سابىرنىڭ چاقچاقلىرى

تۇختى سابىر ماھىر يۇمۇر ـ چاقچاق سەنئەتكارى ۋە 1990 ـ يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان ئۆزگىچە ئىجادىي خاسلىققا ئىگە ھەرخىل ژانىردىكى تېتىملىق ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىيات مۇنبىرىمىزدە كۆزنى چاقناتقان، يېڭى ـ يېڭى مەنىۋى ئوزۇققا ئىنتىلىۋاتقان ئەدەبىيات خۇشتارلىرى ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوق ـ ئىشتىياقىنى قوزغاپ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ھۆرمەتلىك يازغۇچى، تۇختى سابىر 1990 ـ يىللاردىلا تاساددىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان يازغۇچى ئەمەس. تۇختى سابىر 1956 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىش» دېگەن تۇنجى ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت مۇساپىسىنى باشلاپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەن، كۆپلىگەن شېئىر ـ قوشاقلارنى يېزىپ مەشىق قىلىپ، قەلىمىنى تاۋلىغان. ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت مېۋىسىدىن «ئالتۇن پەسلىدىكى ناۋا»، «شېئىرلىرىم ئۇنچە ئەمەس، ھاياتتىن بەلگە» دېگەن شېئىرلار توپلاملىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن. تۇختى سابىر قەلىمىنى توختىماي بىلەپ، ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، نەسرى ئەسەر ئىجادىيىتىگە قەدەم تاشلاپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتتى. تۇختى سابىر بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەندىكى شېئىرغا بولغان ھەۋەس بارا ـ بارا سۇسلاشتى. چۈنكى يېشىم چوڭايغانسېرى يازغان شېئىرلىرىم ئۆزۈمگە پىكىر بولسىمۇ، ھېسسىيات يوقتەك بىلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شېئىر يازمىسام كىم خاپا بولار دەپ ئويلاپ، قولۇمدىكى ماتېرىياللاردىن ھېكايە، پوۋېست، ئەسلىمە، رومان يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم.»

تۇختى سابىر نەسرى ئەسەر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەندىن كېيىن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە «يۇسۇپ رېھىمنىڭ تويى»، «خەتەرلىك مىنۇتلار»، «تاش مۇدىر»، «زومىگەر»، «بىر قوينىڭ قېنى»، «ئون سامسا»، «نورما بەلگىلەش»، «ھامماچامنىڭ چېيى» قاتارلىق ھېكايىلەر؛ «قىر ئاشالمىغان يىللار»، «زوردىخاننىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى»، «قالپاق» قاتارلىق پوۋېستلار؛ «تېۋىلغا»، «ئۇ بارلىكى جايدا كۈلكە ياڭرايتتى»، «بىز باسقان ئىزلار»، «ھاياتىمدىكى مەنىلىك مىنۇتلار»، «بېيجىڭدا ئۆتكەن كۈنلەر» قاتارلىق ئەسلىمىلەرنى يېزىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئىجادىيەت بەيگىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى چەۋەندازلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. تۇختى سابىر تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ماھارىتى ۋە كارامىتىنى كۆرسىتىپ، رومان ئىجادىيىتىدىمۇ ھوسۇل ئالدى. ساتىرىك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىزىقارلىق رومان «دوقمۇش پاراڭلىرى»، ئۇنىڭدىن كېيىنلا «شۇڭقار»، «ئەنسىز يىللاردىكى ئوغرى» دېگەن رومانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى زوقلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە مول مېۋىسى بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى، ئىجادىيەت ئىستېداتىغا قايىل قىلدۇردى. ئۇ مول ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئەلنىڭ ھۆرمىتى، يۇقىرى باھاسى، ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ تۇختى سابىر كەمكۆتىسىز ياخشى يازغۇچى، شائىر بولۇپ تونۇلدى.

تۇختى سابىر شائىرانە ماھارەتكە، تەپەككۇر دانالىقى ۋە چېۋەرلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي يۇمۇرلۇق، ھېسسىياتقا باي بولغاچقا، يۇمۇر ـ چاقچاققا ئۇستىلىقى تېيپجاندىن قېلىشمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنى تېيپجان بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇش مۇمكىن. مېنىڭ بىۋاستە تەسىراتىم بويىچە ئېيتقاندا، تۇختى سابىر كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان، ئېغىزىدىن يۇمۇر ـ چاقچاق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان سۆيۈملۈك ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توختى سابىر تېيىپجان بىلەن مىجەز - خاراكتېرى ئوخشاپ كېتىدىغان جاندوست ئاغىنىلەر بولغاچقا كۆپ چاقچاقلاشقان.

## توختى سابىرنىڭ تېيىپجان ئېلىيېفقا قىلغان چاقچاقلىرى

1) 1964 - يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى بىلەن پەيزىۋات ناھىيەسىنىڭ شاپتۇل گۇڭشېسىنىڭ بىر ئەترىتىدە ئىشلەۋاتقان توختى سابىر تېيىپجان ئۇقتىدا تۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئەترەتكە بارسا، تېيىپجان ياشانغان بىر دېھقان بىلەن زەمبىلدە قىغ توشۇۋاتقانىكەن. توختى سابىر دەررۇ چاقچاق قىلىپ:

— يارايسىلەر قارى، ئۆزۈڭلارنىڭ ئۇغۇتىنى ئۆزۈڭلار چىقارغىلى تۇرۇپسىلەر، — دېگەن تېيىپجاننىڭ «كالا» دېگەن لەقىمىگە دارىتمىلاپ. تېيىپجان دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپ:

— سىلە چېچمايدىغان، سىيمەيدىغانلاردىن⑤ بولغاندىكىن ئۇغۇتمۇ چۈشمەيدۇ - دە، — دېگەن.

2) يېزىدا ئىشلەۋاتقاندا بىر كۈنى ياتاقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تېيىپجان توختى سابىردىن ئۇشتۇمتۇت سوراپتۇ:

— ئاداش، نېمە ئۈچۈن ھەرىكەت بولسىلا تارتىپ چىقىرىلىدىغاندىمەن؟

— ئۆزۈڭلا كەپسىز بولغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ - دە، — دەپتۇ توختى سابىر. تېيىپجان يا ئاچچىقلىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي:

— نېمە دەۋاتىسىلە، مەن كەپسىزلىك قىلىپ نېمە قىلىپتىمەن؟ — دەپتۇ. توختى سابىر:

— ئۇنىڭدىن بەك غەم قىلىپ كەتمەڭلار. شاش توپاق چوقۇم ياخشى كالا بولۇپ چىقىدۇ، — دەپتۇ چاقچاق قىلىپ.

3) بىر كۈنى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ نىيۇجە (خەنزۇچە «كالا بازىرى») دېگەن يېرىدە پاراڭلىشىپ كېتىپ بېرىپ، توختى سابىر تېيىپجانغا چاقچاق قىلىپ دەپتۇ:

— قارى، بۇ قايسى كوچا؟

— نيۇجە، — دەپتۇ تېيىپجان.

— قايسى نيۇ؟

— نيۇگۇي شېشىڭدىكى نيۇ بولمامدۇ، — دەپتۇ تېيىپجان كۈلۈپ كېتىپ. ئەسلىدە ئۇ خەنزۇچە جىن - شەيتاندىكى نيۇ دېمەكچى ئىكەن. توختى سابىر:

— كالىدىكى نيۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن بۇرۇن دەۋالدىم. سىلەر ئۇتتۇردۇڭلا، — دەپتۇ تېيىپجان، ئىككىسى كۈلۈشۈپتۇ.

4) تېيىپجان دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ ياتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە توختى سابىر يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ بادام دوپپا كىيىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلە بۇرۇن بادام دوپپا كىيمەيتتىڭلار، بۈگۈن ئەجەب كىيىۋاپسىلەرغۇ، — دەپتۇ.

— مەن ئۆمرۈمدە ھەرخىل «دوپپا» لارنى كىيىپ بېقىپتىمەن. ئويلاپ كۆرسەم بادام دوپپا كىيىپ باقمىغانىكەنمەن، شۇڭا بۇنىمۇ بىر كىيىپ باقايچۇ دېدىم. بادام دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ، — دەپتۇ تېيىپجان مەنىلىك قاراپ.

— قوش مەنىلىك گەپ قىلىۋاتىسىلەر - ھە، — دەپتۇ توختى سابىر كۈلۈپ.

— سىلەر «پاچاقچى» بولغاندىكىن مۇنداق يەرلىرىنى ئاسان چۈشىنىسىلەر. شۇنداق چۈشەنسەڭلارمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ تېيىپجان كۈلۈپ تۇرۇپ.

5) تېيىپجاننىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە توختى سابىر يوقلاپ ياتاققا كىرىشىگە تېيىپجان ئىچ پۇشۇقى ۋە كېسەل ئازابىنى بىردەم بولسىمۇ يېنىكلىتىش مەقسىتىدە توختى سابىرنى چاقچاققا ئۈندەپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ:

— بۈگۈن سېھرلەنگەن ئوخشايسىلەر، كىرىشىڭلىگىلا كۆرەلىدىم، — دېگەنىكەن، توختى سابىر كۆڭلىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە چاقچاق قىلىپ:

— پۇشۇلداپ ياتتىڭلارمۇ؟ كۆشىيەلەمسىلەر؟ — دەپتۇ.

— مانا، بۇ بولدى. چاقچىقىڭلار جايىدا. شۇغىنىسى كۆشىيەلمەيۋاتىمەن، — دەپتۇ تېيىپجان مەمنۇن بولۇپ.

توختى سابىر بىلەن تېيىپجاننىڭ بىر - بىرىگە قىلىشقان چاقچاقلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ چاقچىقى بىر - بىرىگە كىرىشىپ كېتەتتى. يا چاقچاقنىڭ بېشىنى تېيىپجان باشلاپ، ئايىغىنى توختى سابىر چۈشۈرگەن. يا بېشىنى توختى سابىر باشلاپ، ئايىغىنى تېيىپجان چۈشۈرگەن. ئىككىسىنىڭ كۆپىنچە چاقچىقى قوشاق شەكىللىرى بولغان. تۆۋەندىكى چاقچاق دەل شۇنىڭ مىسالى.

6) تېيىپجان يېزىدا بىر ئەترەتتە ئۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە لاچىنباي دېگەن بىر دېھقان بىلەن يېقىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ بىلەن ھال - مۇڭ بولغان. بۇ بوشاڭ دېھقاننىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، گۈلئايىمخان دېگەن بىر ئايال بىلەن توينى قىلىپ قويغان. تېيىپجان ئۇلارغا بىر كىگىز تەقدىم قىلغان. تېيىپجان ئۇلارنىڭ تويىغا ئاتاپ:

«ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
قىلىپ كەلسەم گەپ تولا.»

دەپ ئىككى مىسرا قوشاق ئوقۇغان. توختى دەرھال ئاخىرىغا ئۇلاپلا:

«كالتە بازار چولپىنى،
راجىنبايدا ئەپ تولا.»

دەپ ئىككى مىسرا قوشاق توقۇغان. ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ، كەيپىيات يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

## توختى سابىرنىڭ ۋارىسجانغا قىلغان چاقچاقلىرى

1969 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - ئايغىچە توختى سابىر ۋارىسجان تۇردى بىلەن مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە توققۇز ئاي بىر ياتاقتا يېتىپ، نۇرغۇن كۈن ۋە تۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن. 1500 ئادەم قاتناشقان ئۆگىنىش كۇرسى ئۇلار ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئۆگىنىش، ئۇنتۇلغۇسىز كۆڭۈللۈك دەملەر بولغان. بە-

رەر سائەت، بىرەر كۈنمۇ كۈلكە ـ چاقچاقسىز ئۆتمىگەن. بولۇپمۇ توختى سابىر ۋارىسجان بىلەن كۆپ چاقچاقلاشقان. بۇ چاقچاقلار ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭلى يېقىنلىقى، ئامراقلىقىدىن بولغان. ۋارىسجان توختى سابىرنىڭ چاقچاقلىرى توغرۇلۇق زوق بىلەن مۇنداق دېگەن: «توختاخۇننى بىر كومېدىيە ئارتىسى دېسە بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئويلاپ باقمىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ گەپلەرنى قىلىپ، بىزنى بىر كۈلكىدىن يەنە بىر كۈلكىگە باشلاپ كىرىدۇ. مەن ئويۇنخۇمار ئادەم، ئۇنىڭ گەپلىرىدە مەسخىرە بولسىمۇ، كۈندە بىرقانچە قېتىم كۈلۈۋالسام ھاردۇقۇم چىقىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ھۈنىرى بار، ئۇ ماڭا ئىشەنمەيمۇ تۇرالمايدىغان، ئىشىنىشكە جۈرئەتمۇ قىلالمايدىغان گەپلەرنى تاپىدۇ. كاللام تازا ئۇماچ بولغاندا ئاندىن راست گەپنى قىلىدۇ. ئاندىن مەن راست گەپكە ئىشەنمەيمەن. بۇ چاغدا يېڭى ـ يېڭى چاقچاق، شاڭخولارنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ، تازا كۈلۈشىمىز. مېنىڭ كۆزلەيدىغىنىممۇ كۈلكە ـ چاقچاق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ بويۇمنىڭ ئېگىز بولۇشىمۇ تېيىپجان بىلەن توختاخۇننىڭ شاڭخو چىقىرىشىتىكى تۈگىمەس بۇلىقى» دېگەن. (توختى سابىر: «بېيجىڭدا ئۆتكەن كۈنلەر»، «شىنجاڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى» 2010 ـ يىللىق سانىدىن)

1) توختى سابىر ۋارىسجان بىلەن بىللە بازارغا چىقىپ دۇكانمۇ دۇكان ئايلىنىپ، ۋارىسجانغا دەل كەلگۈدەك كۆڭلەك تاپالماي، ۋارىسجانغا چاقچاق قىپتۇ:

— ۋارىسجان، سىزگە بازاردىكى نەرسىلەردىن ھېچنەرسە دەل كەلمىسە، بۇ دۇنيادا ئۇزۇن ياشاپ نېمە قىلارسىز؟

ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ، ۋارىسجان:

— ئۇ دېگىنىڭلار راست، مەن كىيىم ـ كېچەك، ئاياغ تاپالماي ھەقىقەتەن قىينىلىمەن. سەپەرگە چىققاندا كارىۋاتمۇ بېشىمنى قاتۇرىدۇ، كارىۋات قىسقا كېلىپ قالغان بولغاچقا، نەچچە كۈنگىچە پۈكلىنىپ ياتىمەن، لېكىن جىنازىنىڭمۇ ماڭا باب كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن. قايسى كۈنى سىلەر «ھېكايە» ئېيتتىم دەپ شوم ئېغىزلىق قىلغىنىڭلاردىن كېيىن بۇنىمۇ ئويلاپ قالدىم. مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جىنازا كۈلكە ـ شاڭخوغا سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن قارامايغا بارغاندىن كېيىن ئۇزۇن، كەڭ جىنازا ياسىتىپ قويىمەن، — دېگەن. توختى سابىر بۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— بۇ ئويىڭىز بولىدىكەن. ئەگەر ئاخۇنۇم نامىزىڭىزنى چۈشۈرۈۋاتقاندا، كىشىلەر جىنازىدىن پۇتىڭىزنىڭ يا بېشىڭىزنىڭ چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرسە كۈلۈشۈپ كېتەر ـ ھە، — دېگەن.

— ئەگەر مەن راستىنلا سىلەردىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەم، پاچىقىمنى سۇندۇرماي، بېشىمنى چىقىرىپ قويۇپ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئۇزىتىپ قويارسىلە، — دېگەن ۋارىسجان.

2) 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىلىدا كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچقانىكەن. يىغىن جەريانىدا جېلىلىيۈزىگە ئېكسكۇرسىيەگە چىقىپتۇ. چۈشلۈك تاماقتا ۋارىسجان پۈتۈن بىر توخۇنى يەۋەتكەن چېغى، توختى سابىر بۇنى كۆرۈپ مۇنداق بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ چاقچاق قىلغان ئىكەن:

جېلىلىيۈزىدە ساھىپخانىلار قىپتۇ مېھمانلار ئىشى،
تەخسە ـ تەخسە سەيلەر كەپتۇ، بىر ئۈستەلدە بەش كىشى.
ئاش ـ تاماققا ئەدەپ بىلەن قول سۇنغىچە باشقىلار
ئاپتۇ قامالاپ بىر توخۇنى قوش لوككىلىق بىر كىشى.

3) ۋارىسجان بېيجىڭگە كۆپ بارغانلىقى ئۈچۈن نېفىت مىنىستىرلىقى ۋاڭفۇجىڭ كوچىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى «تىنچلىق مېھمانسارىيى»نىڭ بىر ئۆيىگە مەخسۇس ۋارىسجانغا ئاتاپ بىر كارىۋات ياساتقانىكەن. توختى سابىر بۇنى كۆرۈپ، كېيىن بىر شېئىر يېزىپ چاقچاق قىلغانىكەن:

ۋارىسجاننىڭ چۆلدىكى تۆگىگە ئوخشاش خۇيى بار،
ئىككى مېتىر يىگىرمە سانتىمېتىر بويى بار.
46 ـ نومۇرلۇق ئاياغ كىيەر پۇتىغا،
ياتسا ئۇزۇن پۇتلىرى ئوخشاپ قالار شوتىغا.
ياتسا قايسى ياتاقتا قىسقا كېلەر كارىۋىتى،
ئىككى پۇتى ساڭگىلاپ ياتار قېچىپ ئامىتى.
مىنىستىرلىق ئالاھىدە ياسىتىپتۇ بىر كارىۋات،
دەپتۇ ئۇلار ۋارىسجان بۇ كارىۋاتتا دائىم يات.

## ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ چاقچاقلىرى

1) دوپپا كىيىش: ئابدۇكېرىم غوجا ماڭا بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ بەرگەن:

ئابدۇكېرىم غوجا بېيجىڭدا بېشىغا دوپپا كىيىپ ئايروپورتتا تۇرسا، بىر چوڭ زات ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇ زات ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بېشىدىكى چىمەن دوپپا كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ:

— خوجايۇف[6]، بۇرۇن دوپپا كىيىپ باقمىغان ئىدىڭىزغۇ، — دەپتىكەن. ئابدۇكېرىم خوجا كۈلۈپ:

— ئۇ چاغلاردا دوپپا كىيگىلى باش بىكار بولمىسا، — دەپتىكەن، ئۇ زات تېلىقىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

2) 1967 ـ يىلى كۈز پەسلى. ئۈرۈمچىدە ئەلەم كۈرىشى ئەۋجىگە چىقىپ، ھەممە يەرنى ئەنسىزلىك قاپلىغان كۈنلەرنىڭ بىرى كەچ كىرگەن ۋاقىت ئىدى. مەن نەنلىياڭ تەرەپتىن شىمالغا قاراپ كېتىپ باراتتىم. ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە ئابدۇكېرىم خوجا ئۇچراپ قالدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى كۆرۈمسىز بولغانىنىڭ ئۈستىگە توپا ـ چاڭ باسقان، جۇدەپ ياڭاق سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىقىپ قالغان، چىرايىمۇ ناھايىتى سولغۇن ۋە ھارغىن كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەھۋال سورىدىم:

— ئابدۇكېرىمكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ۋاي ئۇكام، نېمە ئىش قىلاتتۇق، — دېدى ئۇ سوزۇپراق مەسخىرىلىك تەلەپپۇز بىلەن ئېغىر تىنىپ، — بۇرۇن خو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جايۇف بولغان، ھازىر خوچاڭيۇپ بولدۇق، — ئۇ بۇ گەپنى دېگەندە مىيقىدا كۈلۈپ قويىدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە ئاچچىق كىنايە بار ئىدى، — ھەرھالدا كۈرەش، پىپەن ئازابىدىن بۇ ئىسمىمۇ بىرئاز ياخشىكەن.

3) 1979 - يىلى فېۋرال ئېيىنىڭ بېشىدا «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن بېيجىڭدا مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلغان. بۇ يىغىنغا شۇچاغدا بېيجىڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئابدۇكېرىم خوجا، شىنجاڭدىن تېيىپجان ئېلىيېف كېلىپ قاتناشقان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قاتتىق دەرد تارتقان شائىرلار يىغىندا بەس - بەستە قىزغىن پىكىر بايان قىپتۇ. يىغىنغا ۋاڭ جېنمۇ قاتناشقانىكەن، يىغىندا ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن تېيىپجانمۇ سۆزلەپتۇ. ئابدۇكېرىم خوجا تېيىپجاننىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىپتۇ. تېيىپجان ئۆرە تۇرۇپ سۆزلىگەنىكەن، يىغىن رەئىسى ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە دەۋەت قىپتۇ. ئابدۇكېرىم خوجا شۇئان يۇمۇرلۇق قىلىپ:

— تېيىپجان ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەپ ئادەتلىنىپ قالغان، — دەپتىكەن، پۈتۈن يىغىن ئەھلى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## 60 يىل بۇرۇنقى قىزىق چاقچاقلار

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 1950 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ كۈلكە - چاقچاق قاينايدىغان جاي بولۇپ قالغان. بۇ ئىدارىدىكىلەر، بولۇپمۇ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى، شۇنداقلا تونۇلغان يازغۇچى، شائىرلار بولغاچقا، يۇمۇر - چاقچاققا ئۇستا ئىدى. ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرى كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتىدىكەن. ئۇلار ھەركۈنى ئىشتىن چۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا يىغىلىشىپ كۈلكە - چاقچاقنى باشلايدىكەن. ئۇلار يىغىلغان جايدىن ئارقا - ئارقىدىن پاراق - پاراق كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ھەيران قالدۇرىدىكەن. بۇنداق چاغلاردا ئېيتىلغان بىر - بىرىدىن قىزىق چاقچاقلارنىڭ بەزىلىرى ھەمدالارنىڭ خاتىرىسىدە ئۆچمەي ساقلىنىپ قالغانىكەن. بۇ چاقچاقلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ، ھېلىمۇ ئاڭلىغان - ئىشتكەنلەرنى كۈلدۈرۈپ كەلمەكتە.

شۇ ۋاقىتتىكى چاقچاقلارنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مۇھەممەتسىدىق نۇرۇز ئىكەن. مۇھەممەتسىدىق نۇرۇز قامەتلىك، يارىشىملىق كىيىنىپ يۈرىدىغان، ئۆز كەسپىگە قابىل، خىزمەتكە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان يېتەكچى، ئەدىب ئىكەن. ئۇنىڭ بېشىنىڭ يوغانلىقى، دوپپىسىنىڭ سەل كۆتىرىلىپ تۇرىدىغانلىقى، چاقچاق بىلمىگەنىنىڭ ئۇستىگە تېرىككەكلىكى چاقچاق ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى ئىكەن.

1) يىگى لۇغەت: بۇ1953 - يىلى بولۇپ ئۆتكەن ئىش ئىكەن. بىر كۈنى ياسىن خۇدابەردى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن:

— ئىشلىرىڭلار قانداق كېتىۋاتىدۇ؟ كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىرەر ئىش قىلىۋاتامسىلە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— كۆزگە كۆرۈنگۈدەك دەيسىزغۇ، تازا باش قاتۇرىدىغان بىر ئىشنى باشلىۋەتتۇق، — دەپتۇ ئابلەي روزى. مۇھەممەتسىدىق «باش» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئابلەي روزىغا چەكچىيىپتۇ.

ياسىن خۇدا بەردى:

— قانداق ئىش ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئابلەي روزى:

— «باش» سۆزىدىن تۈرلەنگەن سۆز - ئاتالغۇلاردىن بىر لۇغەت ئىشلەۋاتىمىز. مەسىلەن: باش بول، باش ۋەزىپە، باش كاتىپ، باش ئەلچى، باش ئىشتاپ، باشمالتاق، باشلىق، يىل بېشى، ئاي بېشى، قۇر بېشى، مىڭبېشى، موزايبېشى دېگەندەك، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ. مۇھەممەتسىدىق تېرىكىشنى بىئەپ كۆرۈپ ھىجىيىپ قويۇپتۇ.

2) قىينچىلىق: مۇھەممەتسىدىق قۇتقۇزۇش پۇلى سوراپ باشلىققا ئىلتىماس يېزىپتۇ. باشلىق ئىلتىماسنى كۆرگەندىن كېيىن تەھرىر بۆلۈمگە كىرىپ مۇھەممەتسىدىققا:

— مائاشىڭىز ھەممىدىن كۆپ تۇرۇقلۇق قۇتقۇزۇش پۇلى سوراپسىزغۇ؟— دەپتۇ. مۇھەممەتسىدىق بىرمۇنچە سەۋەب كۆرسىتىپتۇ. ئارقىدىنلا ئابلەي روزى مۇنداق دەپتۇ:

— مۇھەممەتسىدىقنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، ئۇ ھەقىقىي قىينچىلىقنى يوشۇردى. ئۇنىڭ ھەقىقىي قىينچىلىقى باش قىينچىلىقى. مۇھەممەتسىدىق نەنلىياڭدىن دۆڭكۆۋرۈككە قاراپ ماڭغاندا ئۇنىڭ بېشىغا چوڭ بىر غەم چۈشىدۇ. مائارىپ نازارىتىنىڭ ئالدىدىكى دۆڭدىن پەسكە چۈشكىچە يوغان بېشى يەڭدەپ دوملاپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئۇششاق بالىلارغا پۇل بېرىدىكەن. باللار ئۇنىڭ پىشىگە ئېسىلىپ، دۆڭدىن ئاستا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپتۇ. مۇھەممەتسىدىق:

— ھەرقايسىڭ بار يەردە ماڭا كۈن يوقمۇ؟ — دەپ تېرىكىپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

3) تىلى رۇسچە چىققان بوۋاق: بىر كۈنى بىرنەچچەيلەن دەرۋازا ئالدىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا مۇھەممەتسىدىق ماختىنىپ:

— مېنىڭ بوۋاق قىزىمنىڭ تىلى رۇسچە چىقىدىغان ئوخشايدۇ. ئاپىسىنى «ساسا»، مېنى «پاپا» دەيدىغان بولدى، — دەپتىكەن، ئابلەي روزى:

— ئۇنداق بولسا، خوتۇنۇڭنىڭ قورسىقىدا رۇس مەكتىپى بار ئىكەن، — دەپتۇ.

4) پىشاڭ: شۇ كۈنلەردە كۈندە ئەتىگەندە بۆلۈم بويىچە ئۆگىنىش قىلىنىدىكەن. بىر كۈنى مۇھەممەتسىدىق ئۆگىنىشكە كېچىكىپ قاپتۇ. كىشىلەر دېرىزىدىن ئۇنىڭ چوڭ قىزىنىڭ يوغان

كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بىرسى:

— مۇھەممەتسىدىق نېمىشقا ئۆگىنىشكە كېلەلمىدى، قىزدىن سوراپ باقايلى، — دەپتىكەن، ئابلەي روزى:

— بۈگۈن كېچە مۇھەممەتسىدىقنىڭ بېشى ياستۇقتىن چۈشۈپ كېتىپتىكەن. بېشىنى پىشاڭ بىلەن كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىزى ئاشۇ كالتەكنى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

5) قىزىل ئۆتۈك: بىر كۈنى مۇھەممەتسىدىق قىزىل ئۆتۈك كىيىپ كەپتۇ. بۇ ھەقتە ھەرخىل غۇلغۇلا بولۇپتۇ:

— بۈگۈن مۇھەممەتسىدىق ئالدىراپ ئايالىنىڭ ئۆتۈكىنى كىيىۋاپتۇ، — دەپتۇ بىرەيلەن. يەنە بىرەيلەن:

— ياق، ئۇ بۈگۈن ھېلىقى ئۇسسۇلچى دوستى يادىكار قىلغان قىزىل ئۆتۈكنى كىيىپ كەپتۇ.

ھەركىم ھەرنېمە دەپ چاقچاق قىلغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ «يوغان باش» لەقىمىگە باغلىيالماپتۇ. ئاخىرىدا تېيىپجان ئېلىيېڧ:

— بۈگۈن مۇھەممەتسىدىق كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى باش تەرەپتىن ئاياغقا قارىتىش ئۈچۈن قىزىل ئۆتۈك كىيىپتۇ، — دەپتىكەن پاراقىدە كۈلكە كۆتىرىلىپتۇ.

6) كاللا: بىر كۈنى ئۆگىنىشتە مۇھەممەدسىدىق تەمىنات توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ:

— مۇشۇ مەسىلە كاللامغا زادى سىغمىدى، — دېيىشىگە، رەخىم قاسىم دەرھال:

— سىزنىڭ كاللىڭىزغا سىغمىغان بولسا، كىمنىڭكىگە سىغار؟ — دەپتىكەن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپتۇ. مۇھەممەتسىدىق ئۆزىنىڭ لەقىمىنى دەپ سالغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ھجىيىپ قويۇپتۇ.

7) تۇتۇن چىقىدۇ: بىرسى مۇھەممەتسىدىقتىن موخوركا سوراپ چېكىشىپ:

— ئاداش، موخوركاڭ ئاجايىپ ياخشىكەن، نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپتىكەن، مۇھەممەتسىدىق:

— دۆڭكۆۋرۈكتىن ئالدىم. قارىسام غۇلجا موخوركىسى ئىكەن، بىر كىلوگىرام ئېلىپ ئۆيگە تاشلاپ قويدۇم، — دەپتۇ. بىرسى:

— سەن موخوركىنى بۇنداق جىق ئالمايتتىڭ، قايسى پۇلغا ئالدىڭ؟ — دەپتۇ. مۇھەممەتسىدىق:

— ئۇلۇشكۇن تارقاتقان كۆمۈر پۇلىغا ئالدىم. كۆمۈردىنمۇ تۇتۇن چىقىدۇ، موخوركىدىنمۇ تۇتۇن چىقىدۇ، — دەپتىكەن شۇھامان شۇكۇر يالقۇن:

— ئەتە - ئۆگۈن سوغۇقتا توڭلىغاندا كاللىڭىزدىن تۇتۇن چىقىدۇ، — دەپتۇ.

8) ئۆزىتىش: مۇھەممەتسىدىق سابىق سوۋېت پۇقراسى بولغاچقا، 1961 - يىلى سوۋېتكە كېتىدىغان بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا خىزمەتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۆزىتىشقا چىققانلار شۇ ھامان بىر نەچچە كۇپلېت قوشاق توقۇپتۇ:

مۇھەممەتسىدىق ماڭغاندا،
بوۋىقى بىر ئايلىقتى.
ئاغىنەم يوغان باشىنىڭ
دۈمبىسى چىرايلىقتى.

مۇھەممەتسىدىق ماڭغاندا،
ئالتىنچى ئاي ياز ئىدى،
ئاغىنەمدەك يوغان باش،
شىنجاڭدا بەك ئاز ئىدى.

مۇھەممەدسىدىق، مەتسىدىق،
بېشى يوغان سەت سىدىق.
كۆدە - كۆرپەڭنى يۆدۈپ
بۇ شىنجاڭدىن كەت، سىدىق.

چۈشمەي تۇرۇپ بوزئاتتىن،
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتتىم،
مەتسىدىق يوغان باشنى
قوشاق بىلەن ئۇزاتتىم.

---

① شائىر يولۋاسخاننىڭ «قېچىر» دېگەن لەقىمى كۆزدە تۇتۇپ، «قېچىر سايىغا چىققاندەك» دېگەن تەمسىلنى ئىشلەتكەن.

② تېيىپجاننىڭ «كالا» دېگەن لەقىمىگە تەگكۈزمەكچى.

③ يولۋاسخان بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئەلنەغمە كۆرىكىدە راۋاب چالغان ئىكەن.

④ شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، رېژىسسورى.

⑤ «شەيتان» دېگەندە توختى سابىرنىڭ يۇرتىنىڭ لەقىمى كۆزدە تۇتۇلغان.

⑥ ئۇنى تەگتۇشلىرى شۇنداق ئاتايتتى.

---

پايدىلانمىلار:

1) مۇھەممەد شاۋۇدۇن: «ئاق يول» (ئەسلىمىلەر)، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى 2015 - يىل 6 - ئاي نەشرى.

2) مۇھەممەد شاۋۇدۇن: «مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش» يۇقىرىقى كىتاب بىلەن ئوخشاش نەشرىياتتا نەشر قىلىنغان.

3) توختى سابىر: «ئۇ بارلىكى جايدا كۈلكە ياڭرايتتى» «تارىم» ژۇرنىلى 1999 - يىل 7 - سان.

4) توختى سابىر: «تېۋىلغا»، «تارىم» ژۇرنىلى 1995 - يىل 3 - سان.

5) توختى سابىر: «بېيجىڭدا ئۆتكەن كۈنلەر»، «شىنجاڭ تارىخ - مەدەنىيىتى».

6) مۇھەممەد رەھىم: «ئەسىرگە تەڭ ھايات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2014 - يىل نەشرى.

7) قاۋسلقان قامجان: «ئەل قەلبىدىكى تېيىپجان ئېلىيېڧ»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2012 - يىل نەشرى.

8) ھېيتەم ھۈسەيىن: «ھىجران مۇڭلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2007 - يىل نەشرى.

مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش
ئېلخەت: qashtash@126.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com





# مۇكەممەل ئايال

◉ قەلبىنۇر قاھار

## ئوغلۇم

كەپسىزلىكنىڭ ئۆزگىچە دۇنيا،
سەن تەڭرىنىڭ ئېسىل سوۋغىسى.
ئاياغلىرىڭ ئاستىدا سۆيگۈ،
يالترايدۇ مېھىر شولىسى.

سەۋەنلىكنىڭ گۈزەل بىر رەسىم،
بوياقلىرى كاتتا تەڭشەلگەن.
سەن قەلبىمدە مەڭگۈلۈك باھار،
ئۈمىدىمگە ئۈمىد چىگىلگەن.

تومۇرىڭدا ئارسلاننىڭ قېنى،
بىر تىنىقتا ئالىمىز نەپەس.
ئاپا، دېگەن تاتلىق سۆزلىرىڭ
ئاھ، ھېچكىمگە قىلمايمەن ھەۋەس.

مۆلدۈرلەيدۇ بۇلاق كۆزلىرىڭ،
شەبنەملىرى يۈرەكنى تىلغار.
بىر سەن ئۈچۈن يارالدىم بەلكىم،
بەختسىز مەن سەنسىز ئېھتىمال.

ۋۇجۇدۇمغا تۆكىلەر غەيرەت،
بۇدرۇق قولۇڭ سىقسا قولۇمنى،
يۈرىكىمگە قىلمەن دەپنە،
خەنجەر ئۇرۇپ ئازغۇن كۆڭۈلنى.

## ھايات دېگەن ئۇنتۇلغان ناخشا

ئېگىز قەۋەت، مۇزدەك تاش شەھەر،
ئۇيقۇ قاچار ئېسيان كۆتۈرۈپ.
ھەسرىتىمگە كۆمۈلگەن سۆيگۈ،
ئۈمىد بىلەن رۇجەك مارايدۇ،
پىچىر - پىچىر شىۋىرلاشلارنى،
ئوغرى يۈرەك ئۈنسىز ئاڭلايدۇ.

تۆكىلىدۇ شەبنەمدەك كۆز ياش،
پۇشايماننىڭ ئېتەكلىرىگە.
بىر نۇقتىنى كۆرسىتىپ تۇرار،
چىكىلدىغان كەپسىز تام سائەت،
شائىر قىزنى ھامان ئالدايدۇ،

ئۆلگەن قەلب، زىمىستان سۆيگۈ،
ياندۇرىدۇ نەپرەت شامىنى.
چىن تۆمۈرنىڭ مىسران قىلىچى،
قورقىتالماس غەمسىز ئازابنى،
ھايات دېگەن ئۇنتۇلغان ناخشا،
چولپانلىرى قۇمدەك چېچىلغان،
پىغاندىن كۈيلەر ياڭرايدۇ.

## شائىرنىڭ قەلبىگە كىرىۋالدى قىز

شائىرنىڭ قەلبىگە كىرىۋالدى قىز،
تۈۋشسىز ئازابنى يۇدۇۋالدى قىز.
يالترار ھىجرانلار كىرپىكلىرىدە،
پىچىرلاپ تەقدىردىن تېنىۋالدى قىز.

شائىرنىڭ قەلبىگە كىرىۋالدى قىز،
باغاشلاپ سۆيگۈنى ئىلىۋالدى قىز.
قەبرىگە كۆمۈلدى ئاچچىق ئەسلىمە،
مەنزىلسىز ئۈمىدنى كۈتۈۋالدى قىز.

شائىرنىڭ قەلبىگە كىرىۋالدى قىز،
يۈرەكنى يۈرەككە تىكىۋالدى قىز.
شائىرنىڭ قەلبى ئۇ ئىسيانكار دېڭىز،
نىشانسىز قولۋاققا چىقىۋالدى قىز.

شائىرنىڭ قەلبىگە كىرىۋالدى قىز،
رىشتىنى سۆيگۈگە چىگىۋالدى قىز.
شەبنەمدەك لىغىرلاپ تۇرار سېغىنىش،
زۇلمەتتەك ھۇجرىغا كىرىۋالدى قىز.

## مۇكەممەل ئايال

ھەسرىتىڭنى تېڭىپ يۈرەككە،
ئارمانلارنى قىلسەن يارا.
سەبىرلەردىن ئېسىپ كۆز مۇنچاق،
شۈكۈر دەيسەن تىنىقلىرىڭغا.

ۋىلىقلىماس تاتلىق بىر سەھەر،
سەندىن كۆڭلى قالدى ئېھتىمال.
تېڭىرقايسەن سوئاللار ئارا،
ئوتتۇز بەشكە كىرمىگەن ئايال.

ۋۇجۇدۇڭدا يالترار غەيرەت،
ھەر قەدەمدە بېرىسەن بەرداش.
مۇڭلىنىدۇ ئارزۇ كەپتىرىڭ،
دىل خانەڭدە بولالماي مۇڭداش.

ئۆكسۈپ كېتەر غەمكىن يۈرىكىڭ،
تەقدىرنىڭ شۇم چاقچاقلىرىدىن.
تىنەپ قالار ناتىۋان ئۈمىد
قېچىپ كەتسە ئېتەكلىرىڭدىن.

ئاي يامغۇرى چېكەر دېرىزە،
بويۇن قىسىپ قارايدۇ ئۆتمۈش.
ئاستا سۆيۈپ قويار لېۋىڭگە،
سۈرگۈن بولغان گۇناھكار كۈتۈش.

گۈزەللىكنىڭ چوقان سالىدۇ،
تۇيغۇلىرىڭ تىڭشىماس ئەمما.
مۇڭلىنىدۇ مىسكىن پۇشايمان،
كۆز يېشىڭدىن ئىزدەيدۇ داۋا.

كۆك قەھرىدە كىچىك ۋەتىنىڭ،
گۈل ياشلىقىڭ دەپنە قىلىنغان.
سەن ئېھتىمال ئازابلىق بىر كۈي،
پەدىلىرى خاتا بېسىلغان!



# مېنى ھەرگىز يىتتۈرۈپ قويما

پەرىدە ئابدۇرېھىم(چالىقۇشى)

## مېنى ھەرگىز يىتتۈرۈپ قويما

ئاھ بالام!
نەدىسەن باغرىم!
...
يەر – زېمىننى تىترىتىۋەتتى
بىچارە ئانىنىڭ ئاچچىق پەريادى!
ئانا چېچىنى يۇلۇۋاتاتتى،
ئۆزىنى كاچاتلاۋاتاتتى،
ئۇچرىغانلا ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ،
سەۋدايىلارچە سوراۋاتاتتى:
«بالام قېنىدۇ؟
ئۇ بايىلا مۇشۇ يەردە ئىدى،
بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى،
ئۇنى كۆردۈڭلارمۇ؟
ئۇنى چوقۇم كۆردۈڭلار،
ئۇ نەگە كەتتى،
ماڭا تېز ئېيتىڭلارچۇ!
ئۇنى تېپىۋالايچۇ،
باغرىمغا چىڭ بېسىۋالايچۇ!»...
ئەمما،
ھېچقاندا جاۋاب يوق ئىدى،
جاۋاب يوق ئىدى.
ئانىنىڭ يېنىدا تۇراتتى
ئۇنى يۆلەپ،
ساقاللىرى ئۇسۇپ كەتكەن،
كۆزلىرىدىن نۇر ئۆچكەن،
ھالسىزلانغان بىر مىسكىن ئاتا.
ئۇ، ئانىدەك
ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپ يىغلىيالمايتتى،
دەردىنى سىرتىغا چىقىرالمايتتى،
شۇ تاپ،
قان – زەرداپقا تولغان ئىدى،
بىچارە ئاتىنىڭ يۈرىكى – باغرى.
ئۇ ئەتراپىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتى،
بىر ئېغىز خەيرلىك سۆزگە ئىنتىلەتتى...
ئەمما،
ھېچكىمدىن سادا يوق ئىدى...
سادا يوق ئىدى...
بالا يىتكەن شۇ مۇدھىش پەيتتە،
روھىي دۇنياسى تامام گۇمۇرۇلۇپ،
مىڭ ئۆلۈپ بولغان ئىدى
شۇ ئاتا – ئانا.
...
مەن بالامدەك چاغلىرىمدا،
مەكتەپكە
ئاداشلىرىم بىلەن
قول تۇتۇشۇپ بىللە باراتتىم،
«خۇداغا ئامانەت» دەپ،
پېشانەمگە سۆيگىنىچە
ئۇزىتىپ قالاتتى ئىشىك ئالدىدا
مېھرىبان ئانام.
مەكتەپتىن
ئاداشلىرىم بىلەن
قىقاس – چۇقان سېلىشقانچە
يەنە قايتاتتۇق بىللە.
بوخچىمىزنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ،
بىر پارچە ناننى كۆتۈرگەنچە
چېپىپ چىقىپ كېتەتتۇق
مېھرى ئىسسىق تالانىڭ كەڭ سەيناسىغا.
بەش تاش تېرىيتتۇق،
ئارغان تاقلايتتۇق،
مۆكۈشمەك ئوينايتتۇق،
قوغلىشاتتۇق، قېچىشاتتۇق،
ئويناپ ھارغاندا،
ئوڭدىمىزغا ياتقىنىمىزچە
سۈپسۈزۈك ئاسمانغا قاراپ
ساناشقا باشلايتتۇق يۇلتۇزلارنى.
تۈيمايلا قالاتتۇق
كەچنىڭ قانداق كىرگىنىنى.
تاكى ئاتىلار چىقىپ
ئىسمىلىرىمىزنى توۋلاپ چاقىرمىغىچە،
ئەسكە ئالمايتتۇق ئۆيگە قايتىشنى.
پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالاتتى،
بىغۇبار بالىلارنىڭ خۇشال كۈلكىسى.
ئۇ چاغلاردا،
جاھان تەرەققىي قىلمىغان ئىدى ھازىرقىدەك.
ئېگىز بىنالارنى كۆرمەيتتۇق ئانچە،
يوللارمۇ بۈنچە كەڭ ئەمەس ئىدى،
ئۇچقاندەك ئۆتۈپ ياندىن،
كىشىنى ساراسىمىگە سالمايتتى
ماشىنلار بۈگۈنكىدەك.
ئادەملەر ئاددىي،
ئەمما،
تولىمۇ ئاق دىل ئىدى.
ئۇلار بىر – بىرىگە ئىشىنەتتى،
ئۆز ئارا كۆيۈنەتتى،
سەممىي يار – يۆلەكتە بولۇشاتتى،
ھەممىدىن مۇھىمى،
يوق ئىدى
يۈرەكنى قېتىپ كەتكەن،
ئىنسان قېلىپىدىن چىققان،
ھېلىقى ئېپلاس ئادەم بىدىكى.
«بالا يىتۈپتۇ» دەپ ئاڭلىمايتتۇق،
خاتىرجەم ئىدى ئاتا – ئانىلار،
خاتىرجەم ئىدى ئوماق بالىلار.
...
ھازىر،
جاھان تەرەققىي قىلدى
ھەيران قالغۇدەك.
ھەممىلا يەردە ئېگىز بىنالار،
قاتمۇقات ئايلانما يوللار،
ئادەمدىنمۇ كۆپرەك بىلىنەر
غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ماشىنىلار،
ئەتراپىمىز شۇ قەدەر گۈزەل،
شۇ قەدەر قايناق
ھەۋەس قىلغۇدەك.
لېكىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بالامنى مەكتەپكە
ئۇزۇۋم قولىدىن يېتىلەپ
ئاپىرىمەن، ئەكىلىمەن.
ئۇ ئۆيىنسا يېنىدا قاراپ تۇرىمەن،
يالغۇز سىرتتا قويۇپ قويۇشقا
يوق ھېچ جۈرئىتىم.
بالام ساناپ باقمىدى يۇلتۇزلارنى
مېنىڭ كىچىك چاغلىرىمغا ئوخشاش
زوق - شوخ بىلەن.
قاراڭغۇ چۈشۈپ يۇلتۇز چىققۇچە
ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ بولىمەن
مەجبۇرىي ئالدىمغا سېلىپ.
ئۇنىڭ تالادىكى ئېسەنلىكىگە
يوق ھېچ ئىشەنچىم.
چۈنكى،
شۇ ئالەمشۇمۇل تەرەققىيات،
ئېلىپ كېلىش بىلەن تەڭ
ئاجايىپ ئېسىل ئۆزگىرىشلەرنى،
يەنە ئېلىپ كەلگەن ئىدى
رەزىللىكنى،
ساختىلىقنى،
ئەنسىزلىكنى.
ئادەملەر مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن ئىدى،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىۇپ چىققان ئىدى،
شەخسىيەتچىلىكنىڭ،
شەپقەتسىزلىكنىڭ،
رەھىمسىزلىكنىڭ شۇمبۇيالىرى.
ھەممە ئۆز ھەلەكچىلىكىدە
ئالدىراش ئىدى،
ئۇلار كۆڭۈل بۆلمەس بولغان ئىدى،
ئۆزى ئۈچۈن پايدىسىز
ھېچقانداق ئىشقا.
ئادەملەر ئارىسىدا لەيلەپ يۈرەتتى
گىرىمسەن بولۇپ،
تەننى شۈركەندۈرگىدەك
مۇزدەك بىخۇدلۇق.
يۈرىكى يوغىناپ كەتكەن
ئۇ ئىپلاس ئادەم بىدىكلىرى
ئەنە شۇ بىخۇدلۇقنىڭ شولىسىدا

ئېبلىس قولىنى قورقماي سۇندى
ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان
سەبىي بالىغا...
تۇنۇگۈنلا يېتكەن ئىدى بىر بالا،
بۈگۈن يېتتى يەنە ئىككىسى.
ئەتە، ئۆگۈن
يەنە يېتەر قانچىسى؟
ئۇلار سىزنىڭ بالىڭىز
مېنىڭ بالام،
ھەممىمىزنىڭ بالىسى ئەسلى!
ئۇلارنى نېچۈن قوغدىيالمىدۇق،
نېچۈن قوغدىيالمىدۇق؟!
ئاھ، باللىرىم!
ئۇلار چوقۇم
ئانا دەپ چاقىردى،
ئاتا دەپ توۋلىدى،
ئۇلار نەدە سەرسان يۈرگەندۇ؟
نېمىلەرگە مەجبۇر بولغاندۇ؟
ئاچ قالغانمىدۇ؟
توڭلىغاندىمۇ؟
ئۇلار جەزمەن قورقۇۋاتىدۇ،
ئۆيلىرىنى سېغىنىۋاتىدۇ،
ئۇلارنىڭ ياشلىرى قۇرۇپ كەتتى،
ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتتى،
يۈرىكى ئاستا - ئاستا مۇزلاۋاتىدۇ،
ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن،
ئىچىدە ئىسىملىرىنى يادلاۋاتىدۇ...
كىملەرنىڭدۇر ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ،
سورىغۇم كېلىدۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ،
تېپىلىدىكەن يۈتكەن ئالتۇنلار،
تېپىلىدىكەن سانسىز مال - دۇنيا.
تېپىلىدىكەن ھەتتا،
چېگرا ھالقىغان قاچقۇن، ساتقىنلار.
نېمىشقا!
زادى نېمىشقا تېپىلمايدۇ
ئاشۇ بىگۇناھ سەرسان باللار؟!
...
تۆپۈقسىزلا چاقماق چېقىپ،
كۆك قەرىدىن يامغۇر تۆكۈلدى.
چېلەكلەپ قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇر

ئۇ چوقۇم
كۆكنىڭ غەزەپلىك كۆز ياشلىرى.
كۆك يۇيۇۋەتمەكچى شۇ ياشلار بىلەن،
زېمىننى قاپلاپ كەتكەن
جىنايەتنى،
گۇناھلارنى.
يەنە شۇ ياشلار بىلەن،
پاكپاكىز ئېقىتۋەتمەكچى
ئاشۇ ئىچىنىشلىق پاجىئەلەرنى.
ئەتە،
تاڭ ئاتسا،
يامغۇر توختاپ قۇياش چىقسا،
قايتىپ كېلەرمۇ بىر - بىرلەپ
ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىللىق باغرىغا
يىراقتا ئېزىپ يۈرگەن
ئاشۇ ناتىۋان تاتلىق باللار؟!
شاقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر ئىچىدە،
ئاڭلىنىۋاتىدۇ گويا
يۈرەكنى ئېزىدىغان بىر پىغانلىق نىدا:
قولۇمنى چىڭ تۇتقىن ئانا،
قولۇمنى چىڭ تۇتقىن ئاتا.
مېنى ھەرگىز يىتتۇرۇپ قويما،
يىتتۇرۇپ قويما!

## شۇنداق ياشايمەن

دۇنياغا مەن يىغلاپ تۇغۇلدۇم.
لېكىن،
بۇ ئۆمرۈمدە كۈلۈپ ياشايمەن.
ھايات يولى ئېگىز - پەس شۇنچە،
مەن پۈتلىشىپ يىقىلدىم نەچچە،
ئېھتىمال،
يىقىلىمەن يەنە ھەم قانچە!
لېكىن،
دەس تۇرىمەن ئورنۇمدىن شۇئان،
مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ياشايمەن.
...
پەلەك چاقى چۆرگىلەپ تۇرغاچ،
گاھ ئايدىڭدۇر،
گاھى قاراڭغۇ.
تەقدىر ئۇستا سېھىرگەر بولغاچ،
خۇشاللىققا قوشماقتۇر قايغۇ.
بەزەن شاھقا ئايلىنار گادای،

بەزەن بولار تىلەمچى بايمۇ.
ھايات تولغان سىر ـ ھېكمەتلەرگە!
ھاياتنىڭ بۇ ھېكمەتلىرىنى،
چىن مەنىدىن بىلىپ ياشايمەن.
...
مەن ھاياتنىڭ ئەركە بالىسى،
سۆيۈلدۈم چىن،
ھەم سۆيدۈم دىلدىن.
مۇھەببەتنىڭ مەرمەر جامىدا،
قېنىپ ئىچتىم ۋىسال شەربىتىن.
چۈشۈمدىمۇ كۈلدۈم ۋىلىقلاپ
مەستخۇشلۇقتا شېرىن بەختتىن.
يۈرىكىمدە لىپمۇلىق سۆيگۈ!
مۇھەببەتنىڭ گۈلىستانىنى
سۆيگۈم بىلەن بېزەپ ياشايمەن.
...
مەنزىل شۇنچە ئۇزۇن ھاياتتا،
يالغۇز ئاتنىڭ چىقماسكەن چېڭى.
ئىنسان ئۈچۈن كاتتا ئىنئامكەن،
گۆھەر كەبى ئېسىل دوستلىرى.
يىغلىغاندا يېشىمنى ئېيتقان،
كۈلكەمدىن تەڭ ئېچىلىپ كۈلگەن،
ئېزىپ قېلىپ ئاچا يوللاردا،
قاراڭغۇغا مەھكۇم بولغاندا،
قوللىرىمنى مەھكەم تۇتقانچە
ماڭا ماياك نۇر مەشئەل بولغان،
دوستلىرىم بار قەلبى سۈپسۈزۈك!
ئۇلارغا ھەم ئۇشبۇ ئۆمرۈمنى
تەسەددۇقلار ئەيلەپ ياشايمەن.
...
بولىدىكەن تۇرمۇش دېگەننىڭ
ئويلىمىغان قىسمەت ئۆتكىلى.
ئۇچراپ تۇردى ماڭىمۇ بەزەن
تار دوقمۇشنىڭ غالجىر ئىتلىرى.
قاۋاپ كېلىپ ئارقامدىن نەچچە،
بۇزماق بولدى تىنچ كۆڭلۈمنى.
دانا ئىكەن ئاتا ـ بوۋىلار،
«ئىت قاۋار، كارۋان يۈرەر»
دەپ پۈتۈپتۇ ھايات دەستۇرى!
شۇڭا،
غالجىر ئىتنىڭ قاۋاشلىرىدىن
مەن ئازراقمۇ ۋايىم يېمەيمەن،
ھەم زەررىچە ئۈركۈپ قالمايمەن،
پىسەنتىمگە ئالماي قىلچىمۇ
ئۆز يولۇمدا مەغرۇر ياشايمەن.
...
ھايات گۈزەل ھېكمىتى بىلەن،
ھايات گۈزەل قىسمىتى بىلەن،
مەن
شۇ گۈزەللىك ئاشىقى بۇلبۇل،
گۈزەللىككە قانماي ياشايمەن.
ئۈمىد بىلەن بېقىپ ھەر تاڭغا،
قۇياش كەبى پارلاپ ياشايمەن.

## مۇزلىغان سۆيگۈ

قۇياش
يەنە شۇ قۇياش،
سېخىي نۇرىنى چېچىۋاتىدۇ
تۈنۈگۈنكىدەك.
لېكىن،
نېچۈن ھېس قىلالمايمەن
ئۇنىڭدىن تارالغان ھارارەتنى؟
قۇشلار
يەنە شۇ قۇشلار،
زوق ـ شوخ بىلەن سايراۋاتىدۇ
ئىلگىرىكىدەك.
لېكىن،
نېچۈن ھېس قىلالمايمەن
ئۇلارنىڭ خۇش ناۋاسىنى؟
ئالدىمدا
بىز قول تۇتۇشۇپ،
مەن ساڭا ئەركىلەپ،
سەن مېنى ئەركىلىتىپ،
سانسىز قېتىم ماڭغان
مېھرى ئىسسىق تۇگمەس يوللار.
لېكىن،
نېچۈن سوغۇق تۇيۇلىدۇ
شۇ يوللار بۈگۈن؟
ھەممە شۇنچە ناتونۇش،
ھەتتا ئۆزۈممۇ ئۆزۈمگە يوچۇن.
تۇيۇقسىز،
قورقۇنچتىن تىترىدى جىسمىم،
ئۆزۈمنى ئىزلەپ
كۆزلىرىڭگە باقتىم مەن شۇئان.
ئاھ،
شۇنچە ئىزلەپمۇ،
ماڭا ئاشىق بولغان كۆزلىرىڭدىن
تاپالمىدىم ئۆزۈمنى.
كەڭ يەلكەڭگە بېشىمنى قويۇپ،
شۇنچە زورۇقۇپمۇ تىڭشىيالمىدىم،
قەلبىڭدىكى تىننقلىرىمنى.
ئىككىمىز تۇرىمىز شۇ قەدەر يېقىن،
ھەتتا
ئارىلىشىپ كەتكەن نەپەسلىرىمىز.
لېكىن،
كۆزلىرىڭدە مەن يوق،
كۆزلىرىمدە سەن.
يۈرىكىڭ بىلەن يۈرىكىم ئارىسىدا،
پەيدا بوپتۇ چوڭقۇر مۇز ئوكيان.
ئۇ يەردە
ئاستا ـ ئاستا
مۇز بولۇپ قېتىپ كېتىپتۇ
ئىككىمىز ئىشەنگەن ئوتتەك مۇھەببەت.
مۇز ئوكياننىڭ قىرغىقىدا تىرەجەپ
يىگانە قاپتۇ
پەقەت ۋە پەقەت
بىچارە مەسئۇلىيەت.
...
قۇياش — يەنە شۇ قۇياش،
قۇشلار — يەنە شۇ قۇشلار،
يوللار — بىز ماڭغان يوللار.
لېكىن، بۈگۈن
مۇزلىغان يۈرەك،
مۇزلىغان سۆيگۈ.
شۇڭا،
ھەممە ناتونۇش
گويا ئاچچىق كىنايىدەك.

مۇھەررىر: ئەسقەر ياسىن
ئېلخەت: askaryasin@tom.com

www.uyghurkitap.com





# ئاتاقلىق ئۇيغۇر تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ

◉ ئابلەت نۇردۇن

مىلادىيە 840 - يىلى ئورقۇن (ئورخۇن) ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قوچۇ (تۇرپان) غا كۆچۈپ كېلىپ، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى ھەمدە بۇ جايدا روناق تاپتى، ھەمدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. قوچۇ رايونى شەرق ۋە غەرب بىلەن ئىقتىساد - مەدەنىيەت جەھەتتە قويۇق ئالاقە قىلىپ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ياراتتى. شۇنداقلا ھەرقايسى جايلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. بۇ جەرياندا مەدەنىيەت ئەربابلىرى، جۈملىدىن بىر قىسىم تەرجىمان ۋە تىلشۇناسلار بارلىققا كەلدى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تەرجىمان ۋە تىلشۇناس سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئالىم، مەرھۇم ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» خاتىمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، يۇرتى بەشبالىق.

«ئالتۇن يارۇق» ئاۋۋال سانسكرت (قەدىمكى ھىندى) تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئاندىن بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۇنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۆز تەرجىمىسىدە ئاساسلانغان «ئالتۇن يارۇق» نۇسخىسىنى يى جىڭ ناملىق خەنزۇ بۇددا ئالىمى (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە بۇ ئالىم كىتو سامتسو دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتالغان) مىلادى 700 ~ 712 يىللىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا: «يەنى قۇتلۇق شەرقتىكى ئۇلۇغ تابغاچ ئېلىدە (بۇددا دىنىنىڭ) ماھايانا، ھىنايانا (مەزھەپلىرى) نىڭ بارلىق نوم شەرھلىرىنى، ھەممە نۇسخىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن بۇددا ئەقىدىلىرىنىڭ كامىل ئۇستازى (بۇنى) ئەنەتكەك تىلى (سانسكرت تىلى) دىن تابغاچ تىلىغا تەرجىمە قىلغانىدى. يەنە بىر تۈرلۈك پاسكىنچىلىق بىلەن بۇلغانغان قەبىھ زاماندا ئىلىملىك بولغان بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تابغاچ تىلىدىن قايتا تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدىم. ئالتۇن رەڭلىك، يورۇق يالتىراقلىق، ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك تامام بولدى» دەپ يازىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «بۇدساتۋانىڭ بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى كامىل ئۇستازى تەرجىمىھالى» (شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى) نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «يەنە قۇتلۇق، بۈيۈك تابغاچ (جۇڭگو) ئېلىدە ئۇستاز خۇيلى دېگەن زات بولۇپ، ئۇ بۇددا ئەقىدىلىرىنى كامىل بىلەتتى. ئۇ تابغاچ تىلى (خەنزۇ تىلى) دا كىتاب يازغان. ئۇنى يەنجۇڭ دېگەن بۇددا ئەقىدىلىرى ئۇستازى كېڭەيتىپ يازغانىدى. بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ يەنە ئۇنى تابغاچ تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان، بۇ كىتاب ‹بۇدساتۋانىڭ بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى كامىل ئۇستازى تەرجىمىھالى ياكى زىمىن بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ تەرجىمىھالى› دەپ ئاتالدى…»

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بەشبالىقلىق ئۇيغۇر بولۇپ، مەزكۇر

ئەسەرلەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان. ئەمدى بۇ ئەسەرلەرنىڭ قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقىغا كەلسەك، ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان گېرمانىيەلىك ئالىم ئى.ۋ. گابائىن خانىم ئەسەرلەرنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى 25 يىلىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ تەخمىن قىلىدۇ. تارىخشۇناس فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بولسا، ئەسەرنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرى (960 ـ 1127 ـ يىللار) دا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى تەخمىن قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تەرجىمان كىتابىدا ئۆزىنى سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ دەپ ئاتايدۇ. سىڭقۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى بولۇپ، سەلى تۇتۇڭ دېگەن سۆز ئۇنىڭ راھىبلىق ئەمەلى ياكى راھىبلىق مەرتىۋە نامىدۇر. يۇقىرىقى ئىككى ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئالدىنقىسى پارچە ـ پارچە ھالدا ئۈچ جايدىن يىغىۋېلىنغان. بىر قىسمىنى 1930 ـ يىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يۈەن فۇلى ئۈرۈمچىدە بىر سودىگەردىن سېتىۋالغان. بىر قىسمىنى يۇسۇپ خاكىن سۈرىيەدىن بېيجىڭغا كېلىۋېتىپ بىر كىشىدىن سېتىۋالغان، يەنە بىر قىسمىنى پارىژ گۈيمەت مۇزېيى پ. پېللىئوتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر سودىگەردىن سېتىۋالغان، كېيىن ئۇلار جەملەنگەن، شۇنداقتىمۇ ئەسەر تولۇق بولمىغان. كېيىنكى ئەسەرنىڭ ئۈچ نۇسخىسى تېپىلغان. بۇنىڭ بىرىنى 3 ـ قېتىملىق پرۇسسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن. بىرىنى فون لېكوك دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن. يەنە بىرىنى س. ي. مالوف گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ۋېنشىگو جىلغىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ياشايدىغان تاغلىق يېزىدىكى بىر بۇتخانىدىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ ئاخىرقى نۇسخا ئەڭ تولۇق نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

ئەمدى مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىگە كەلسەك، تەرجىمان ئەسەرلەرنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلغان، ئۇ ئۆز تەرجىمىسى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خېلى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى نامايان قىلغان. تەرجىمان بۇددا ئاتالغۇلىرىنى ئىمكانقەدەر ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا خەنزۇچىدا مەنە بويىچە تەرجىمە قىلىپ ئېلىنغان بەزى بۇددىزم ئاتالغۇلىرىنى ئەنەتكەك تىلى بويىچە ئالغان. بۇ تەرجىماننىڭ ئەنەتكەك تىلىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تەرجىمان ۋە تىلشۇناس سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بۇددا ئىلمىنى خېلى تولۇق ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان، خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەن، ئەنەتكەك تىلىدىنمۇ خەۋەردار بولغان ھەمدە تەرجىمە قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. غەرب بىلەن شەرقنىڭ بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا زور تۆھپە قوشقان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ھاياتى، ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات ۋە دەلىللەشكە دائىر ئىلمىي ئەسەرلەر خېلى كۆپ ئېلان قىلىندى. بۇنىڭغا ئاتاقلىق ئالىم، مەرھۇم ئىبراھىم مۇتىئىي ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى»نىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتكە زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ» ۋە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى» نىڭ ئايلىق ژۇرنىلىغا بېسىلغان رۇسىيەلىك شەرقشۇناس تۇگوشۋانىڭ «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئاكادېمىيە ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىن تۇرسۇن رىشات رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان.) ناملىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلاردا تونۇر ۋە نان مەدەنىيىتى

◉ تۇرسۇن مەخمۇت





نان — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەك ئىستېمالىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆزگىچە يېمەكلىك بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە قورساق تويغۇزىدىغان ئاددىي پىشۇرۇق بولۇشتەك دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولىغا، شۇنداقلا مەنىۋى پاكلىقنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. خەلقىمىزدە نۇرغۇن پەرھىز، چەكلىمىلەر نانغا مۇناسىۋەتلىك بولغان. ۋەدە - قەسەملەرنىڭ راستلىقى نان شىپى كەلتۈرۈلۈپ ئىسپاتلىنىدۇ، مۇقەددەس نەكاھتا نان ھازىر بولىدۇ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا داستىخاندا گۆش كاۋاپتىن تارتىپ مېۋە - چېۋە ۋە باشقا يېگۈلۈكلەرنىڭ ھەرقانچە مول بولۇشىدىن قەتئىينەزەر نان بولمىسا بۇ داستىخان داستىخان بولالمايدۇ. مېۋە - چېۋە، كۆكتات ۋە باشقا يېمەكلىكلەر تاشلىنىپ قالسا ئەلۋەتتە ھەممەيلەن يامان ئالىدۇ، ئەمما نان ئىسراپ قىلىنسا، خارلانسا ياكى ئاياغ ئاستى بولسا بۇنى ھەرقانداق ئۇيغۇر قوبۇل قىلالمايدۇ. داستىخاننىڭ موللۇقى ھەم ساھىبخاننىڭ سەممىيىتى بىلەن مېھماننى قارشى ئالىدىغانلىقى يەنە نان ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. نانغا سىڭدۈرۈلگەن، نانغا مۇجەسسەملەنگەن مەدەنىيەت ھەم پىسخىك تىندۇرمىلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بوۋاي - مومايلارنىڭ ناننىڭ ئۇۋشاق - ئۇۋاقلىرىنىمۇ تىرىشتۇرۇپ پۈۋلەپ ئاغزىغا سېلىشلىرى «ناننىڭ ئۇۋۇقىنى يېسە چىش ئاغرىمايدۇ»، «ناننى ئۇلۇغلىسا كىشى خار بولمايدۇ» دېيىشلىرى، «نانغا دەسسىگەن ئادەم توكۇر بولىدۇ»، «ناننى خارلىغان ئادەم خار بولىدۇ»، «نانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان كىشى جازاسىنى تارتىدۇ» دېگەندەك ئەقىدىلىرى شۇنداقلا بىۋاپا، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى «تۇزكور» دېگەن مەنىدە «نانكور» دەپ ئىشلىتىشىمۇ ناننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىلا ئەمەس تۇرمۇش پەلسەپىسىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

نان ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كەتكەن، ئۇ ئەقىدە ئېتىقادىنىڭ، مەنىۋى پاكلىقنىڭ سىمۋولى بولۇش سۈپىتىدە دىيارىمىزدىكى ھەممە يۇرت - شەھەرلەردە ئومۇمىي ئادەت سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن. چەرچەن ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ئومۇمىي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناننى

ئۇلۇغلاشتەك ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەت خاراكتېرلىك مەدەنىيىتى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ھەم ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ شەكىللەندۈرگەن.

تونۇر — نان مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپلا قالماي يەنە تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇشتا رولى ناھايىتى زور بولغان تۇرمۇش بۇيۇمى. تونۇردىمۇ ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەت ئامىللىرى، ئەجدادلار ئەقىل - پاراستىنىڭ ئىزنالىرى




بولۇپ. تونۇر ۋە نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممە يۇرتلىرىغا ئومۇمىي بولغان ئەنئەنىۋى پىشۇرۇق قۇرۇلمىسى ۋە يېمەكلىك. ئۇ ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان، ئىستېمال قىممىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان، ئۇيغۇر رايونىدىلا ئەمەس دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان ئالاھىدە مەدەنىيەت ئىزناسى. مەزكۇر ماقالىدە چەرچەندە مەۋجۇت بولغان تونۇر ۋە نان تۈرلىرى ئاساسلىق مەنبە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇش ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش داۋامىدا تېپىلغان نان ئەۋرىشكىلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناننى مۇندىن 3200 — 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋردىن باشلاپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇنىڭغا قۇمۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىكى 1991 - يىلى قېزىلغان 151 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان سارغۇچ قوڭۇر رەڭدىكى 10 نەچچە دانە تېرىق توقچىنى پاكىت قىلىش مۇمكىن. چەرچەن ناھىيەسىنىڭ زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىنى قېزىش داۋامىدا مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 700 - يىللاردىن مىلادىيە ھارپىسىغىچە بولغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ قەبرىلەردىنمۇ ئىككى خالتىدىكى كىچىك نان تېپىلغان. زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇ تېرىق توقاچلىرىنىڭ دىيامېتىرى 6 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، قېلىنلىقى 2.5 سانتىمېتىر ئەتراپىدا. بۇلاردىن باشقا يەنە لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل قەبرىستانلىقى، نىيە قەبرىستانلىقى، تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقى قاتارلىق جايلاردىن ھەر خىل نانلار تېپىلغان. نىيە ناھىيەسىدىن يەنە مىلادىيەنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدىغان دەۋردىكى تونۇردىن بىرى بايقالغان. بۇ نان ئەۋرىشكىلىرى ئىچىدە تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان ناننىڭ ھازىرقى ناندىن ھېچقانداق پەرقى يوق، جۈملىدىن تۆكۈچ ئۇرۇلغان توماندىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ. دوكتۇر خې جۈليەن ئوتتۇرا ئەسىر خەنزۇچە يازمىلىرىدىكى 胡饼 بىلەن ناننىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن. نان مەدەنىيىتىمىز توغرىسىدا مۇندىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى بۈيۈك قامۇس «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە مەھمۇد كاشغەرىي ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان، يەنى ناننىڭ قەدىمكى تىلىمىزدا «ئەتمەك» دېيىلىدىغانلىقى، پۇسكەچ (كاكچا)، توقۇچ (توقاچ)، چۆچرەك (توقاچنىڭ بىر خىلى)، چۇقمىن (ھورنان)، كۆمەچ، كۆزمەن (كۆمەچنىڭ بىر خىلى)، سىنچۇ (گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا تۇرىدىغان نان)، قاتما يوغا (قاتلىما نان)، قاقۇرغان (تونۇرغا يېقىلىدىغان ياغلىق قاتلىما)، يۇغا (قاتلىما)، يارما يۇغا (قاتلىمىنىڭ بىر خىلى)، ئاۋرۇزى (قېتىشماق) ... قاتارلىق نان تۈرلىرى بارلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان. ناۋادا يازما ئۇچۇرلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلارغا مۇراجەت قىلىدىغان بولساق نان مەدەنىيىتىمىز توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي مەلۇماتلارغا ئېرىشكەن بولاتتۇق، ئەمما ئۇشبۇ ماقالىمىزنىڭ مۇددىئاسى نان تارىخىمىز توغرىسىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇنچىلىك خەۋەردار بولۇشنى كۇپايە، دەپ قارايمىز. ئابدۇرىشات مۇساجان توغرۇل كېرىيە تەۋەلىكىدىكى يۇمۇلاققۇم قەدىمىي خارابىسىدىن تونۇرسىمان قۇرۇلمىلارنى بايقىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. مانا بۇلارمۇ ئۇيغۇر نان مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇنلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

### ئالدى بىلەن تونۇر، ئۇنىڭ ياسىلىشى، رولى ۋە تۈرلىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

تونۇرنى تونۇر سۇپىسى، تونۇر ئىچى، دۇتخانا قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان دېيىشكە بولىدۇ. تونۇر سۇپىسىنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 70 - 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ تونۇر سالىدىغان يەرنىڭ شارائىتىغا بېقىپ ئازراق كەڭ ياكى تار بولسىمۇ بولىدۇ. تونۇر سېلىشتا ئالدى بىلەن تونۇر سۇپىسىنىڭ تېمىنى تەييارلىۋېلىپ، تونۇر قېلىپى پۇتۇپ، شور سېلىنىپ، دۇتخانىلىرى پۈتكەندىن كېيىن توپا تاشلىنىپ، تىندۇرۇلۇپ تەييار قىلىنىدۇ. تونۇر سېلىشتا تونۇر قېلىپى قىيىنلىق دەرىجىسى نىسبەتەن يۇقىرى ئىش ھالقىسى ھېسابلىنىدۇ. تونۇر قېلىپىنىڭ شەكلى ئاستى كەڭ، ئۈستى تارراق كوزىسىمان ياسىلىدىغان بولۇپ، ئاستى تەرىپىنىڭ دىيامېتىرى 115 سانتىمېتىر، ئۈستى (ئېغىزى) تەرەپ دىيامېتىرى 45 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئاستى تەرەپ ئايلانمىسى 370 سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئايلانمىسى 300 سانتىمېتىر، ئۈستى يەنى ئېغىزىنىڭ ئايلانمىسى 150 سانتىمېتىر، تونۇر سۇپىسى(سۇكىسى)نىڭ ئېگىزلىكىمۇ ئادەتتە تونۇر قېلىپىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ بولىدىغان بولۇپ كۆپىنچە تونۇرلارنىڭ قېلىپى تېگىدىن ئويۇلۇپراق ياسىلىدىغان بولغاچقا تونۇر سۇپىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 70 - 60 سانتىمېتىردىن ئاشمايدۇ.

تونۇر سېلىشتا كېرەكلىك ماتېرىياللار شور، نەم سېغىز توپا، كېسەك، پىچاق، ئەندۈۋا، قاسقان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تونۇر سېلىش جەريانى: ئالدى بىلەن ئاپتاپتا قاتقان، سۇ، نەملىك ئۆتۈپ كەتمىگەن قارا شور، پىگە شور قاتارلىقلارنى

www.uyghurkitap.com



ئېلىپ كېلىپ سوقۇپ تەييارلايمىز، ئادەتتە سوققاندىن كېيىنكى شور دانىچىلىرى ئۆرۈك ئۈچكىسى چوڭلۇقىدا ياكى جىگدە ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. قارا شور بىلەن پىگە شورنى ئارىلاشتۇرغاندا تونۇرنىڭ چىدامچانلىقى ياخشى بولىدۇ.

شور سوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىنلا دەرھال تونۇر سۇپىسىنىڭ تېمى چۆرۈلۈپ، ئوتتۇرىغا تونۇرنىڭ قېلىپى ياسىلىدۇ. تونۇر قېلىپى ياساش خېلىلا قىيىن. قېلىپ ياساشتا ئالدى بىلەن تەييارلىۋېلىنغان نەم توپا (بۇ توپىنىڭ سېغىز تەركىبى يۇقۇرىراق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ)نى قېلىپنىڭ مەركىزى چۈشىدىغان جايىنى پىلانلىۋېلىپ بىر - بىرلەپ ئاز - ئازدىن بېسىپ چىڭداپ ئۈستى - ئۈستىگە قويۇپ تەدرىجي ئېگىزلىتىپ چىقىمىز. ئېگىزلىتىش جەريانىدا قېلىپ توپىسىنىڭ قۇرۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن تېز بولمىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ سوقچاق، مايماق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، بولمىسا قېلىپ يىقىلىپ، بۇزۇلۇپ كېتىدۇ ياكى يەنە سېلىنغان تونۇر سۈپەتسىز، ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغان، كۆرۈمسىز بولۇپ قالىدۇ. قېلىپنىڭ ئېگىزلىكى ۋە باشقا تەرەپلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈپ، سىلىقلىنىپ ئۆلچەمگە يەتتى، دەپ قارالغاندىن كېيىن ئەندۈۋا ياكى پىچاق بىلەن چۆرىسىنى يېنىك قىرىپ، تەكشىلەيمىز، تەكشىلەش جەريانىدا قېلىپنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ سىممېترىك ھالدا ماس بولغان - بولمىغانلىقىغا دىققەت قىلىمىز، مەيلى ئاستى تەرىپى بولسۇن، ئوتتۇرا قىسمى ياكى ئېغىز قىسمى بولسۇن چوقۇم يۇمىلاق چەمبەرسىمان ھالەتتە بولۇشى كېرەك. قېلىپ پۈتكەندىن كېيىن شور سېلىش باشلىنىدۇ، شور سېلىشتا ئالدىن سوقۇپ تەييارلاپ قويۇلغان قارا شور، مۇنچاق شور، پىگە شور قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ لاي ئېتىلىدۇ. لاي سەل قاتتىقراق ئېتىلىدۇ. ئادەتتە بايا دېيىلگەن ئۈچ خىل شور ئارىلاشتۇرۇلسا تونۇر چىدامىلىق بولۇپلا قالماي، بۇنداق تونۇرغا يېقىلغان ناننىڭمۇ ھۆلىغا شور چاپلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ ۋە تونۇر تېز سوۋۇپ كەتمەيدۇ. تېپىلمىغاندا قارا شور بىلەن پىگە شوردا ئايرىم تونۇر سېلىشقا بولىدۇ، مۇنچاق شورنى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل شورنىڭ قايسى بىردگە ئارىلاشتۇرمىسا تونۇر سالغىلى بولمايدۇ.

شور سېلىشنى تېزرەك ئىشلەش كېرەك، بولمىسا تونۇر قېلىپى قۇرۇپ قېلىپنىڭ يىقىلىپ كېتىش ئېھتىمالى كۆرۈلىدۇ. تونۇرغا سېلىنغان شورنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 8 - 7 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. شور سېلىشتا ئادەتتە شورنى بىر چاڭگال بىر چاڭگالدىن زۇۋۇلا قىلىپ شور سالغۇچىغا ئۇزۇتۇپ بېرىلىدۇ، ئۇ تونۇرنىڭ تېگىدىن باشلاپ ئايلاندۇرۇپ بىر باشتىن شور سېلىپ چىقىدۇ. تونۇرنىڭ ئاغزىنى ياساشتا شور سېلىنىپ قېلىپنىڭ ئۈستى تەرەپ گىرۋىكىگە يەتكەندە تونۇرنىڭ ئاغزىغا مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى غەلۋىرنىڭ قاسقىنى قويۇلۇپ شۇ قاسقاننىڭ چۆرىسىگە شور لېيى قويۇلۇپ تونۇرنىڭ ئاغزى چىقىرىلىدۇ، قاسقان قويۇپ شۇنى ئۆلچەم قىلىشتىكى مەقسەت تونۇر ئېغىزىنىڭ يۇمىلاق ۋە ئۆلچەملىك بولۇشى ئۈچۈندۇر.

تونۇرنىڭ مۇھىم قىسىملىرىنىڭ بىرى دۇتخانا بولۇپ، چەرچەن شۋىسىدە «دۇتخۇن» دېيىلىدۇ، بۇ بەلكىم دۇتخانا دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇشى مۇمكىن، دۇتخانا تونۇر ئىچىنىڭ تەگ تەرىپىدىن تونۇر سۇپىسى ئارقىلىق سىرتقا تۇتىشىدۇ. دۇتخانا ئېگىزلىكى 20 — 15 سانتىمېتىرغىچە، كەڭلىكىمۇ شۇنچىلىك كېلىدىغان تونېلسىمان تۆشۈك بولۇپ تونۇرغا ئوت سالغاندا ئاغزى ئېچىۋېتىلىدۇ، تونۇر ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىۋېتىلىدۇ. دۇتخانىنىڭ رولى شۇكى ئاستىدىن شامال يۈرۈشتۈرۈپ تونۇردىكى ئوتنىڭ ياخشى كۆيۈشىگە، تونۇر ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن چوغقا شامال تېگىپ تېمپېراتۇرىنىڭ تېز تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىگە، تونۇر ئوتنىڭ ياخشى ساقلىنىشىغا كاپالەت قىلىدۇ. دۇتخانىنى ئادەتتە يېرىم يۇمىلاق قىرسىمان قېلىپ ياساپ ئۈستىگە تونۇرغا تەييارلىغان شور لايىنى قويۇپ ياساشقىمۇ ياكى كېسەك بىلەن ياساشقىمۇ بولىدۇ.

تونۇر قېلىپى ۋە دۇتخانا قېلىپى ياسىلىپ، ئۆلچەملىك بولغانلىقىغا كۆڭۈل توختاتقاندىن كېيىن شور سېلىنىدۇ. شور سېلىنىش — يەنە بىر مۇھىم ئىش ھالقىسى، قېلىن بولۇپ كەتسىمۇ، نېپىز بوپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. شور لېيى سۇيۇق ياكى قويۇق بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ، ئادەتتە تونۇر شور قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق. شور سېلىش تامام بولغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ سۇپىسىغا توپا تاشلاپ تىندۇرۇلىدۇ، بۇ ئىش تامام بولغاندىن كېيىن بىرەر سائەت ئەتراپىدا ۋاقىت ئۆتىدۇ، تونۇرنىڭ شورلىرى قۇرۇپ، قېتىپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ئاندىن تونۇرنىڭ قېلىپى ئېلىنىدۇ. قېلىپ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرغا ئوت سېلىنىپ تونۇر قىزىتىلىدۇ، بۇ ئادەتتە «تونۇرنى ئاقارتىش» دېيىلىدۇ، بۇنداق دېيىلىشىدە تونۇر قىزىپ ۋايىغا يەتكەندە تونۇرنىڭ قارا كۆرۈنگەن شورلىرىنىڭ رەڭگى ئاققا مايىللىشىدۇ. تونۇر ئاقارغاندىن كېيىن نان يېقىشقا بولىدۇ. تۇنجى قېتىم ئاقارتىلىدىغان تونۇرغا ئادەتتە ئىككى سائەتكە يېقىن ئوت قالىنىدۇ. تونۇرنىڭ شور قاتلىمىدا نەملىك بولغاچقا بىرىنچى قېتىم ئاسان ئاقارمايدۇ. كېيىنكى قېتىملاردا ئادەتتە بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا تونۇر ئۆلچەملىك قىزىيدۇ، قانچىلىك ۋاقىتتا ئاقىرىشى ئەلۋەتتە يېقىلغۇنىڭ سۈپىتىگە باغلىق بولىدۇ. تونۇر ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرغا تۇز چېچىۋەتسە تونۇرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ.

ئادەتتە بىر تونۇرنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

تونۇرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ئادەتتە چوڭ تونۇر، ئارا تونۇر ۋە ئوچاق تونۇر(كان ئوچاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئارا تونۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىش ئۈنۈمى چوڭ تونۇر بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ پەقەت چوڭ - كىچىكلىكىدە پەرق بار. بۇ خىل تونۇرنى قىزىتىش(ئاقارتىش) ئاسانراق، ئەپچىل بولۇپ ئىشلىتىشكە قولايلىق.

ئوچاق تونۇر(كان ئوچاق) — بۇ تونۇر شەكىللىك ئوچاق بولۇپ بىر تەرىپىدە ئوچاقنىڭكىدەك ئېغىزى بولىدۇ، تاماق ئەتكەندە ئۈستىگە قازاننى ئېسىپ ئوت يېقىپ تاماق پىشۇرىمىز، تاماق پىشىش جەريانىدا بۇ تونۇر قىزىيدۇ (ئاقىرىدۇ)، ئاندىن قازاننى ئېلىۋېتىپ نان ياقىمىز. بۇ خىل تونۇرغا كاكچا نان ياققىلى بولمايدۇ، تومىنان، توقاچ، سامسا قاتارلىقلارغا

مۇۋاپىق كېلىدۇ... بۇمۇ يېقىلغۇ تېجەش تېپىدىكى ئەنئەنىۋى تونۇرلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

تونۇردا نان يېقىشتا كەم بولسا بولمايدىغان قوراللاردىن يەنە گەزنە، يەڭلىك، تۆكۈچ، كۆسەي، تۇز قاچىسى، خۇرۇچلار(كۇنجۇت، سىيادان، پىياز، زاراڭزا قاتارلىقلار)نى قويىدىغانغا قاچا، زىخ، قىسقاچ (لاخشىگىر) قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن. گەزنە يەنە كاكچا گەزنىسى، تومنان گەزنىسى دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. يەڭلىك بىر خىل بولۇپ ئۇ نان ياققۇچىنىڭ قول، بىلەكلىرىنىڭ كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلاش رولىنى ئۆتەيدۇ. تۆكۈچ بۇرۇنلاردا توخۇ پېيىنى بوغۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بولۇپ يەنە ئۇنىڭ ياغاچقا تۆمۈر مىخلارنى تەرتىپلىك قېقىش ئارقىلىق ياسىلىدىغانلىرى بار، تۆكۈچنىڭ رولى نان يۈزىگە تۈرلۈك گۈل، نەقىشلەرنى چىقىرىش، بۇ ئارقىلىق ناننىڭ كۆركەملىكى ئاشۇرۇلىدۇ، تۆكۈچ ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان گۈل نەقىشلەرمۇ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە شەكلى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، ئادەتتە تۆكۈچ يۇمۇلاق شەكىللىك بولۇپ دىيامېتىرى بەش سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. كۆسەي - قالغۇلۇق (يېقىلغۇ)نى تونۇرغا كىرگۈزۈش، ئوتنى چۇقچىلاش، چوغنى تارتىش ۋە يىغىش رولىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ ئادەتتە كەتمەن سېپىچىلىك بادرا ياغاچتىن قىلىنىدۇ، تۆمۈردىنمۇ ياسىلىدۇ. زىخ — ناننىڭ ھۆلىنى تونۇردىن سويۇش ۋە ناننى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، قىسقاچ — ناننى سويۇش ۋە قىسىپ ئېلىشقا كېرەك قىلىنىدۇ.

تونۇرنىڭ رولى يالغۇز نان پىشۇرۇشتىلا ئەمەس، (لاخشىگىر) ئۇنىڭدا يەنە تونۇر كاۋىپى، ئاسما كاۋاپ، چاپلىما كاۋاپ، قاقلىما كاۋاپ، زىخ كاۋاپ، توخۇ، ئۆردەك، غاز كاۋاپلىرىنى پىشۇرۇغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كاۋا، تۇخۇم، پېچىنە - پىرەنىك، كۆك قوناق قاتارلىقلارنى پىشۇرۇشقا ھەم بولىدۇ.

تونۇر ئەسلى يوقىرىدا تونۇشتۇرغىنىمىزدەك شور بىلەن ياسىلىدىغان بولۇپ يېقىنقى يىللاردا يەنە تۆمۈر تونۇر ياسىلىپ كەڭ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بىر قىسىم جايلاردا كېسەك ۋە سېغىز تونۇرلارنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن تونۇر ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئالاھىدە قۇرۇلما بولۇش سۈپىتىدە قەدىرلىنىدۇ، ئۆزىگە خاس پەرھىزلەرمۇ بارلىققا كەلگەن بولۇپ تونۇردىن ئاتلاشقا، تونۇرغا تۈكۈرۈشكە، تونۇرغا پاسكىنا نەرسىلەرنى تاشلاشقا، چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. تونۇر مەدەنىيىتى بىلەن نان مەدەنىيىتى زىچ باغلانغان بولۇپ تۆۋەندە نان ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ناننىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ (مەزكۇر ماقالىدە چەرچەندىكى نان مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق ئۇچۇرلار ئاساس قىلىندى) بۇغداي نېنى، زاغرا (قوناق نېنى)، ئارپا نېنى، تېرىق نېنى، بۇغداي بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان شالغۇت نان ۋە جەۋەن نان (قېتىشماق نان) دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. بۇغداي ئۇنى، قوناق، ئارپا ئۇنى، تېرىق ئۇنى، سۇ، تۇز قاتارلىقلار ناننىڭ ئاساسلىق ماتېرىياللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق خۇرۇچلاردىن زاراڭزا چېچەكى، سىيادان، كۇنجۇت، پىيازلارنى ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن، ئېھتىياجغا قاراپ ناننىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرىگە يەنە سۈت، ھەسەل، سۇ ھېيى، شېكەر قاتارلىقلارمۇ قوشۇلىدۇ. بۇ خۇرۇچلار ناننىڭ تەمىنى ياخشىلاشتىن سىرت يەنە ناننىڭ كۆركەملىكىگە ھەم ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىك ۋە تەبىئىتىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە نانلارنى ئاساسلىق ماتېرىيالىغا ئاساسەن تونۇشتۇرىمىز:

## بۇغداي نېنى:

بۇغداي نېنىنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۈرلىرى بولۇپ ئۇلار: كاكچا، تومنان، توقاچ، گىردە، دامان نان دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ، بۇلار قوشۇلغان خۇرۇچلىرى، شەكلى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن يەنە نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

1. كاكچا:

كاكچىنىڭ دىيامېتىرى 45 سانتىمېتىردىن 60 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ قېلىنلىقى 0.4 سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن نېپىز بولىدۇ. كاكچا سىڭىشلىك، تەملىك بولۇپ ئەڭ ئاساسلىق نان تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىدۇ. كاكچىنىڭ يۈزىگە ئادەتتە بەزى تەم كىرگۈزگۈچى خۇرۇچلار چېكىلىپ يېقىلىدىغان بولۇپ، قوشۇلىدىغان خۇرۇچلىرىنىڭ پەرقىگە قاراپ: 1) پىياز چەككەن كاكچا، 2) زاراڭزا چەككەن كاكچا، 3) سىيادان چەككەن كاكچا، 4) كۇنجۇت چەككەن كاكچا قاتارلىقلارغا بۆلىنىدۇ. بەزى ھاللاردا شارائىت ياكى ئېھتىياجغا قاراپ يۇقىرىدىكى خۇرۇچلارنىڭ مەلۇم ئىككىسى ياكى ھەممىسى بىراقلا چېكىلىپ يېقىلىدىغانلىرىمۇ بار. كاكچا داستىخاندا كەم بولسا بولمايدىغان نانلارنىڭ بىرى بولۇپ نانلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. بۇرۇن زامانلاردا ئۇزاق سەپەرگە چىققانلار كاكچا نانلارنى يېقىپ، شامالدىتىپ ئوبدان قۇرۇتقاندىن كېيىن پارچىلاپ خالتا، خۇرجۇنلارغا قاچىلاپ سەپەر ئوزۇقى قىلىدىغان ئىشلار بولاتتى، مۇشۇ كۈنلەردىمۇ دەشت - باياۋانلارغا ياكى نان تېپىلمايدىغان جايلارغا ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىدىغانلار ھېلىھەم شۇ ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ.

2. تومنان:

تومناننىڭ دىيامېتىرى ئادەتتە 20 سانتىمېتىردىن 30 سانتىمېتىرغىچە بولۇپ، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىن نېپىزرەك بولىدۇ، تومنانغىمۇ كاكچىغا قوشۇلىدىغان خۇرۇچلار قوشۇپ يېقىلىدىغان بولۇپ، كاكچىغا ئوخشاش پىياز چەككەن تومان، زاراڭزا چەككەن، كۇنجۇت چەككەن (سەپكەن) تومنان، سىيادان چەككەن تومنان قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. تومنان يېيىشلىك، يۇمشاق، قۇۋۋەتلىك نان تۈرى ھېسابلىنىدۇ. داستىخان ۋە سەپەرلەردە ئەتىۋارلىنىدۇ.

3. توقاچ نان:

توقاچ نان بىلەن تومنان مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ يەنە بەزى جەھەتلەردىن پەرققە ئىگە. يەنى توقاچنىڭ خېمىرى سۇ يېغى بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ، ئەبجەش ياغ ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلىدىغانلىرىمۇ بار، سۈت، ھەسەل قوشۇلىدىغانلىرىمۇ بار. توقاچنىڭ كىچىكلىرىنىڭ دىيامېتىرى بەش - ئالتە سانتىمېتىر، چوڭراقلىرى 15 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەردىكى ئالاھىدە پەرق شۇكى توقاچ چوقۇم مايلىق بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ خېمىرى سۇ يېغى بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ. تومناندىن كىچىكرەك بولىدۇ، توقاچمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى. توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا كەم بولسا بولمايدىغان مۇراسىم نېنى ھېسابلىنىدۇ، بۇنى ئادەتتە ھېيت توقچى ۋە سەپەر توقچى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن. ھېيت توقچى چوڭراق بولۇپ دىيامېتىرى 20 — 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، سەپەر توقچى كىچىك بولۇپ دىيامېتىرى 10 — 5 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. مەيلى ھېيت توقچى ياكى سەپەر توقچى بولسۇن مايلىق بولىدۇ، ئەھۋالغا قاراپ سۈت، ھەسەل، شېكەر قوشۇلىدۇ، كۈنجۈت، سىيادان، پىياز قوشۇلىدۇ.

4. گىردە نان:

تەتقىقاتچىلارنىڭ دېيىشىچە «گىردە» سۆزىنىڭ ئەسلىسى «گوردا» بولۇپ مەنىسى «تومپايغان، دۆمبەل، ئېگىز» دېگەندىلىك بولىدىكەن. بۇ گىردە ناننىڭ كىچىكرەك، ئۈستى تەرىپىنىڭ تومپىيىپ، بۆرتۈپ چىققاندەك كۆرۈنىدىغانلىقى بىلەن ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتە گىردە ناننىڭ دىيامېتىرى 12 - 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قېلىنلىقى ئۈچ - تۆت سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. كۈنجۈت، سىيادان سېپىلىدۇ. گىردە نان تەملىك، يۇمشاق، يېيىشلىك بولۇپ ئۆزگىچە نان تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

5. دامان نان:

دېيىلىشىچە، دامان نان دېگەن بۇ ئىسىم «دامىنان» دېگەندىن كېلىپ چىققان بولۇپ «دام» سۆزى «ئويمان، كاتەك» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە ئىكەن، دامان ناننىڭ ئوتتۇرىسى كىچىككىنە ئويمان (كاتەك) بولىدۇ، بۇ شۇ نامدىن كېلىپ چىققان. ھازىر دامان دېگەن سۆز ئازلاپ، گىردە ئومۇملىشىپ كەتتى، ھازىر كىشىلەر گىردە دەۋاتقان ئوتتۇرىسى ئويمان نان ئەمەلىيەتتە دامان ناننىڭ ئۆزىدۇر.

6. قاتلىما:

قاتلىما — ئەنئەنىۋى نان تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ يېيىشلىك، قۇۋۋەتلىك، سىڭىشلىك. ئۇ خېمىردىن ئۆزگە ماتېرىيالغا ئاساسەن قادى ياغ قاتلىمىسى، سۇ يېغى قاتلىمىسى، پىياز قاتلىمىسى، كۆدە قاتلىمىسى دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ، ئۇنىڭغىمۇ سىيادان، كۈنجۈت قاتارلىق خۇرۇچلار قوشۇلسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە خېمىرنى نېپىز يېيىپ بايا دېگەن خۇرۇچلار يېيىلغان خېمىر ئۈستىگە تەكشى تارتىلغاندىن كېيىن خېمىر تۈرمىلىنىپ قايتا زۇۋۇلا ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە يەنە راسلىنىپ نان شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ يېقىلىدۇ.

7. پېتىر نان:

بۇغداي ئۇنى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلىنىدىغان نانلار ئىچىدە كاكچا بىلەن تومناننىڭ پېتىر (بولدۇرۇلمىغان) تۈرى بولۇپ بۇ پېتىر نان دېيىلىدۇ، پېتىر ناننىڭ خېمىرىغا خېمىرتۇرۇچ قوشۇلمايدىغان بولۇپ يۇغۇرۇپلا يېقىلىدۇ، بۇ خىل نان بىرەر كۈن ئۆتسىلا قېتىپ كېتىدىغان بولۇپ كۆپ ساقلاشقا بولمايدۇ، ئەل ئىچىدە پېتىر ناننى قۇۋۋەتلىك دەپ تەرىپلىشىدۇ، ئەمما تەس سىڭىدىغان بولۇپ ئادەتتە كۆپ يېقىلمايدۇ.

8. جەۋەن نان (قېتىشماق نان):

بۇغداي ئۇنى بىلەن قوناق ئۇنى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېقىلىدىغان نان بولۇپ، ئىككى خىل ئۇن تەڭ نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ ياكى بىرسى ئازراق، بىرسى كۆپرەك ئارىلاشتۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلىدىغان نانمۇ پىياز، كۈنجۈت دېگەندەك خۇرۇچلار قوشۇپ يېقىلسا تەملىك، يېيىشلىك بولىدۇ. جەۋەن نان ئالاھىدە نان تۈرى بولۇپ ئۇ ھەم بۇغداي نانلىرىنىڭ ھەم قوناق نېنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغان.

9. شالغۇت نان:

شالغۇت نان، ئاز ئۇچرايدىغان نان تۈرى بولۇپ، كۆك پۇرچاق بىلەن بۇغداي ئارىلاش ئۇن قىلىنىپ شۇ ئۇندا پىشۇرۇلىدىغان ناننى كۆرسىتىدۇ. تونۇشتۇرۇلۇشىچە، كېرىيەنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا بۇغداي بىلەن كۆك پۇرچاق ئارىلاش تېرىلىدۇ ۋە يەنە ئارىلاش يىغىۋېلىنىپ، بۇغداي بىلەن كۆك پۇرچاقنىڭ دانلىرىمۇ ئارىلاش پېتى چەشلىنىدۇ، بۇلارنى ئايرىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا بۇغداي بىلەن كۆك پۇرچاق يەنە ئارىلاش پېتى ئۇن قىلىنىپ مۇشۇ ئۇندا نان يېقىلىدۇ، بۇ نان «شالغۇت نان» دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئارىلاش ئۇندا سۇيۇقئاشمۇ ئېتىلىدىغان بولۇپ «شالغۇت ئاش» دېيىلىدۇ.

## زاغرا (قوناق نېنى):

قوناق ئۇنىمۇ بۇغداي ئۇنىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك ئادىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، قوناق ئۇندا ئېتىلىدىغان تائاملارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ بۇ يەردە بىز قوناق ئۇندا يېقىلىدىغان نان - زاغرا ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. زاغرىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى قوناق ئۇنى بولۇپ باشقا خۇرۇچلىرى بۇغداي ئۇندا يېقىلىدىغان نانلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. زاغرا — قوشۇلىدىغان قوشۇمچە خۇرۇچلىرىغا ئاساسەن پىيازلىق زاغرا، كاۋىلىق زاغرا، چىگىدەكلىك زاغرا دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. شەكلىگە ئاساسەن گىردە شەكىللىك زاغرا، دامان شەكىللىك زاغرا، نېپىز زاغرا قاتارلىقلارغا بۆلۈش مۇمكىن.

زاغرىنىڭ تونۇرغا چاپلىشىدىغان يۈزى تۈز بولۇپ ئالدى يۈزى گۈمبەزسىمان (دۆمبەل) بولىدۇ، زاغرىنىڭ يۈزىنىڭ بەزىلىرى شۇ پېتى دۆمبەل پېتى قالىدۇ، زاغرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاساسەن بىر خىل بولۇپ، دىيامېتىرى 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كىچىككىنە ئويماق ئېچىپ قويۇلىدۇ، بۇنىڭدا زاغرا سىڭىشلىك پىشىدۇ، دەپ قارىلىدۇ، زاغرىنىڭ دىيامېتىرى 12 - 10 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قېلىنلىقى 5 - 4 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. پىيازلىق زاغرا يېقىشتا پىيازنى ئۇششاق توغراپ خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلىدۇ، كاۋىلىق زاغرا يېقىشنىڭمۇ ئۇسۇلى ئوخشاش. چىگىدەكلىك زاغرا يېقىشتا چىگىدەك (قوينىڭ قۇيرۇق، ئىچ مايلىرىنى قازاندا قىزىتىپ ئېرىگەن قىسمىنى سۈزۈۋالغاندىن كېيىن قېپقالغان يىرىك تۈگۈرچەك قىسمى چىگىدەك دېيىلىدۇ، بۇ ئادەتتە ئۈجمە قېقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ)نى ئارىلاشتۇرۇپ يېقىلىدۇ.

مەيلى قايسى خىل زاغرا بولسۇن خۇرۇچلىرى زاغرىغا سىڭىشىپ پىشىپ ئۆزگىچە تەم ھاسىل قىلىدۇ.

زاغرىنى شەكلىگە قاراپ گىردە شەكىللىك زاغرا، دامان شەكىللىك (ئوتتۇرىسى ئويمان) زاغرا، نېپىز زاغرا دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. گىردە شەكىللىك، دامان شەكىللىك زاغرا يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن گىردە، دامان نانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، نېپىز زاغرا تومنانغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

يەژمەن ــ بۇنى زاغرا ناننىڭ ئالاھىدە بىر شەكلى دېيىش مۇمكىن، بۇ زاغرا نان بىلەن ئەبجەش ياغدىن قىلىنىدىغان بولۇپ، پىشقان زاغرا ناننى تونۇردىن سويۇپ ئېلىپلا زاغرىنىڭ يۈز قىسمى بىلەن ئۇلىنى ئاجرىتىپ ئارىسىغا ئەبجەش ياغنى (يەرلىك شېۋىدە قادىياغ) سىلىپ يەنە ھەملەشتۈرىلىدۇ، ئەبجەش ياغ قىزىق زاغرا ئارىسىدا ئېرىپ سىڭىشىپ ناھايىتى مەززىلىك بولۇپ كېتىدۇ.

## ئارپا نېنى :

ئارپا نېنى ئارپا ئۇنىنى ئاساسلىق ماتېرىيال قىلغان نان بولۇپ ئىستېمال دائىرىسى بارغانسېرى تارىيىۋاتىدۇ. ئۇنى ئادەتتە چوڭ ئارپا نېنى ۋە كىچىك ئارپا نېنى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن، ئۇنىڭ يەنە خېمىرىغا قىسمەن بۇغداي ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ ياقىدىغانلىرىمۇ بار بولۇپ ھەرقانداقىغا پىياز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

## تېرىق نېنى :

تېرىق نېنى بۇرۇنلاردا يېقىلىدىغان بولۇپ تېرىقنى ئۇن قىلىپ شۇنىڭ ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرۇپ ياقىدىغان نان بولۇپ ھازىر ئاساسەن ئىستېمالدىن قالدى.

## سۇپۇرگە قوناق (گاۋلياڭ) نېنى :

سۇپۇرگە قوناق نېنى 1960 ـ يىللاردىكى ئاچارچىلىق يىللىرى يېيىلگەن بولۇپ ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىستېمالدىن قالدى.

نان مەدەنىيىتىدە خېمىرتۇرچ ئالاھىدە قىممەت ــ مەناغا ئىگە. ناھايىتى ئازساندا پېتىر نان يېقىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا نان خېمىرىغا خېمىرتۇرۇچ قوشۇلۇپ، خېمىر بولدۇرۇلغاندىن كېيىن يېقىلىدۇ، بولدۇرۇلغان (ئۆلتىلگەن) خېمىرنىڭ نېنى يۇمشاق، سىڭىشلىك، مەززىلىك بولىدۇ. خېمىرتۇرۇچ نانغىلا ئەمەس يەنە ھورنان، بولاق مانتا، پېچىنە ـ پىرەنىك دېگەندەك كۆپ خىل يېمەكلىكلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. خېمىرتۇرۇچنىڭ رولى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇ نان ھەم نان مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كېلىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ. خېمىرتۇرۇچ ئادەتتە ياشلاش، يېڭىلاش يولى بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىدىغان بولۇپ، نۇرغۇن ئائىلىلەردە نەچچە ئەۋلاد ساقلىنىپ داۋاملاشقان خېمىرتۇرۇچلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ھەر قېتىم ئۆرلىتىلگەن خېمىردىن بىرەر نانغا زۇۋۇلا بولغۇچىلىك چوڭلۇقتا خېمىر ئېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ، بۇ خېمىرتۇرۇچ بولۇپ قالىدۇ. خېمىرتۇرۇچ بىر ئۆيدە تۈگەپ كەتسە ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلاردىن سوراپ ياشلىۋالىدۇ، ناۋادا خېمىرتۇرۇچنى ھېچقەيەردىن تېپىش ئىمكانىيىتى بولمىسا ئۇنى قايتىدىن ياساش (شەكىللەندۈرۈش)نىڭ مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك ئۇسۇلى بار ئىكەن.

بىرىنچى: ناننى يۇمشاق ئۇۋۇاپ، سۇغا چىلاپ، ئۇنى قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئەلگەكتىن ئۆتكەن سۇيۇقلۇققا ئازراق ئۇن قوشۇپ خېمىر يۇغۇرسا خېمىر بولىدۇ (خېمىرتۇرۇچ باردەك ئۆلەپ كۆپىدۇ، شۇ خېمىردىن خېمىرتۇرۇچ ئېلىش؛)

ئىككىنچى: قېتىقنىڭ سۈزمىسى ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن سۈزمىنى قوچۇپ سۇيۇقلاندۇرۇپ سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ قالغان قىسمى بىلەن خېمىر يۇغۇرسا يۇغۇرۇلغان خېمىر كۆپىدۇ، بۇ ئارقىلىقمۇ خېمىرتۇرۇچنى ياسىغىلى، ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ؛

ئۈچىنچى: ئادەتتىكىدەك خېمىر يۇغۇرۇپ، يۆگەپ ئىسسىق جايدا قويۇپ قويسا، خېمىر ئېچىيدۇ، ئۇنىڭدىن خېمىرتۇرۇچ ئالغىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلدا ئېلىنغان خېمىرتۇرۇچنىڭ خېمىرىدا پىشقان نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر تەم جەھەتتىن (قىرتاق) ھەم ئاچچىققا مايىل بولۇپ قالىدۇ. يەنە بىر خىل ئۇسۇلى شارائىت بار ئەھۋالدا خېمىر يۇقى سۇپۇرا، خېمىر تەلەڭگىسى، كاسا قاتارلىقلارغا يۇقۇشۇپ قالغان خېمىر قېتىشمىلىرىنى قىرىپ ئېلىپ ئۇنى سۇدا يۇمشىتىپ شۇنىڭدا خېمىر يۇغۇرۇش ئارقىلىقمۇ خېمىرتۇرۇچ ياشلىنىدۇ.

ئادەتتە ئانىلىرىمىز ئەجدادلىرىدىن قالغان خېمىرتۇرۇچنى بەرىكەتلىك بولىدۇ، دەپ قاراپ ناھايىتى ئەتىۋارلايدۇ ۋە ئۈزۈپ قويمايدۇ. دېمەك، خېمىرتۇرۇچقىمۇ ئەجدادلار ئۇدۇمى ۋە يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىچە مەنا يوشۇرۇنغان بولۇپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تونۇر ۋە ناننىڭ ھەر خىل تۈرلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ مەلۇم مەنىدىن ناندىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنى ھاياتي كۈچكە ئىگە قىلىشى مۇمكىن.

---

پايدىلانغان مەنبەلەر:
1. چەرچەن ناھىيەسىدە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدىكى خاتىرىلەر.
2. ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 295 ـ بەت.
3. خې جۈليەن «تەڭرىتاغدا ئائىلىدە مېھمان بولماق ــ غەربىي يۇرتنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىن بايان»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 79 ـ بەت.
4. ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم «غەربىي يۇرت يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 533 ـ بەت.

(ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۈلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# «ئىلى» نامى توغرىسىدا

● غالىب بارات ئەرك

ئىلى ــ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىر دەريا ۋادىسىنىڭ، شۇنداقلا مۇشۇ ۋادىدىكى بىر دەريانىڭ نامى. بۇ دەريا تېكەس، قاش ۋە كۈنەس دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. چوڭلۇقى ۋە مۇھىملىقى سەۋەبىدىن مەھمۇد كاشغەري قاتارلىق ئالىملار تەرىپىدىن، تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئىراني خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى پاسىلى بولغان جەيھۇن دەرياسىغا ئوخشىتىلىپ كەلگەن. ئىلى دەرياسى ئىلى تۈزلەڭلىكىنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى، يىللىق ئېقىم مىقدارى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئاشىدۇ. تېكەس دەرياسىنىڭ باش مەنبەيىدىن ھېسابلىغاندا ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1500 كىلومېتىر، ئېقىنىنىڭ ئەڭ كەڭرى يېرى 200 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى يەتتە مېتىر. ئىلى ۋادىسىنىڭ شەرقى ئېگىز، غەربى پەس بولۇپ ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك ئويمانلىقتىن ئىبارەت، شۇڭا تېكەس، كۈنەس دەريالىرى قاش دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ غەربكە ئېقىپ قازاقىستان چېگراسىغا كىرىپ كېتىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنى قازاقىستان تەۋەسىدە قاپچىغاي جىلغىسىدىن غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ ئېقىپ سارى - ئىشىكوتراي ۋە تاۋقۇم قۇملۇقلىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

ئىلى نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار، ئۇلارنى خۇلاسىلىغاندا، تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىدۇ. (1) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ئوغۇزلار مىلادىيەدىن بۇرۇن مۇشۇ يەردە ياشىغان ۋە خانلىق قۇرغان، شۇ خانلىقنىڭ نامىدىن كەلگەن. (2) موڭغۇل تىلىدىن كەلگەن، «روشەن، يالتىراق، ئوچۇق» دېگەن مەنىدە. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، بۇ نام ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخانغا تەۋەلىك بىلدۈرگەن 1209 - يىلدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. (3) تۇغلۇق تۆمۈرخانغا باغلانغان رىۋايەت بويىچە بولغاندا، 14 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. (4) دەريادىن ئىلمەك ئارقىلىق ئادەم ياكى ھايۋانلارنى سۈزگەنلىك توغرىسىدىكى رىۋايەت بويىچە بولسا، 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. (5) جۇغراپىيەلىك ھالەتلەرگە باغلانغان قاراشلاردا روشەن يىل - دەۋر ئەكس ئەتمەيدۇ، يىل دەۋرى ئاشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ تەتقىقاتىدىن كەلگەن، بۇنىڭ بىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى دەۋرگە ۋە مۇشۇ يەردە ياشىغان ئوغۇزلارغا باغلانغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا مۇراجەت قىلساق، بۇ نامنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. مىلادىيە 1 - ئەسىردە يېزىلغان «خەننامە»دە «ئىلى» نامى تۇنجى قېتىم خاتىرىگە ئېلىنغان، «خەننامە»نىڭ 70 - جىلدىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 36 - يىلى (خەن يۈەندى جيەنجاۋنىڭ 3 - يىلى) چېن تاڭ بىلەن گەن يەنشۇ غەربىي يۇرتقا كەلدى... غەربىي يۇرت ئەسلىدىن ھۇنلارغا قارام بولۇپ كەلگەن. ھازىر چىچى تەڭرىقۇتنىڭ شۆھرىتى ناھايىتى يىراق ئەللەرگىچە يېتىپ باردى. ئۇ ئاسىيۇ بىلەن پەرغانىگە بېسىپ كىرىپ، كانگا خانىغا يول كۆرسىتىپ، ئاسىيۇ بىلەن پەرغانىنى بېقىندۇرماقچى. ئەگەر ئۇ بۇ ئىككى دۆلەتنى يۇتۇپ كەتسە، يەنىمۇ شىمالغا ئىلگىرىلەپ ئىلىي غەربتە ئارساكقا، جەنۇبتا توخرىلار بىلەن بەلۇجىستانغا ھۇجۇم قىلسا، بىر نەچچە

يىل ئىچىدىلا غەربىي يۇرتتىكى شەھەر دۆلەتلىرى خەۋپ ئىچى-
دە قالىدۇ». خەنزۇچە نۇسخىدىكى 伊列 ئۇيغۇرچە نۇسخىدا
«ئىلىي» دەپ ئېلىنغان، لېكىن ئىزاھاتىدا «خەنزۇ تىلى قامۇ-
سى»نىڭ 2 ـ توم 362 ـ بېتىدىن نەقىل ئېلىنىپ، «ئىلىي
(伊列) خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلىي ئاسىيۇ خانلىقىدا بو-
لۇپ، بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلەتتى. مەنبە-
لەردە ئىلىينى ‹ئىلى› دەپ كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا، ئۇ زا-
مانلاردا ئىلى نامى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، شىمالى ھەم ئىلى
دەرياسى ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا كېرەك» دې-
يىلگەن. يۇقىرىقى بۆلەك ئېلىنغان «24 تارىختىكى ئىككى خەن
دەۋرى غەربىي يۇرت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانما
ۋە شەرھى» ناملىق كىتابتا «伊列 نام ئىلى (伊犁) نامىنىڭ
باشقىچە يېزىلىشى، خەن سۇلالىسى زامانىدىكى ئاسىيۇ ئېلى
بولۇپ ھازىرقى بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي شىمالى» دېيىلگەن.
ھازىرقى تەتقىقاتلاردا بىردەك، 伊列 نى ئىلى نامىنىڭ تەلەپ-
پۇز تەرجىمىسى دەپ قارالماقتا. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تاڭ
تەيزۇڭنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن، 646 ـ يىلدىن 648 ـ يىلى-
غىچە فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار يازغان «جىننامە»دە «كانگىيە
خانلىقى پەرغانىنىڭ شىمالىدىن تەخمىنەن 2000 چاقىرىم يىراق-
لىقتا بولۇپ سۇغدىيانا ئېلى قاتارلىق جايلار بىلەن تۇتىشىدۇ»،
دېيىلگەن. ئۇيغۇرچە نۇسخىدا ئىلى نامىغا تەڭداش بولغان 列
伊 ئىپادىلەنمەي قالغان. خەنزۇچە تارىخىي مەنبە ماتېرى-
ياللاردا كۆرۈلىدىغان 伊列水، 伊河(水)، 帝帝河 نامل-
رىنى Ili نامىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىكەنلىكى تەتقىقاتچىلار
تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. مىلادىيە (982~983) ـ
يىللىرى نامەلۇم ئاپتور پارس تىلىدا يازغان «ھۇدۇدۇلئا-
لەم»دە «يەنە بىر دەريا ئىلى دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئىر-
غاج ئارت تېغىدىن باشلىنىپ، شىمالغا ئېقىپ ئىسسىق كۆلگە
قۇيۇلىدۇ»، دېيىلگەن. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى
مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە: «تىللارنىڭ
يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇ-
نىڭدەك ايلا (Ila) ـ ئىلى، ئېرتىش، يامار، ئېدىل ۋادىلى-
رىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى
خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك
تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھې-
سابلىنىدۇ. بالاساغۇنلۇقلار سوغدىچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ.
تىراز، بەيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق. ئىسپىجاپ
شەھىرىدىن تاكى بالاساغۇنغىچە بولغان پۈتۈن ئارغۇ شەھەر-
لىرى خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا بۇزۇقلۇق بار. قەشقەردە كەن-
چەكچە سۆزلىشىدىغان يېزىلار بار. شەھەر ئىچى خەلقى خاقا-
نىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ» دەپ يازغان. مۇشۇ قا-
مۇستا يەنە «ايلا .(Ila) بىر دەريانىڭ نامى. ئۇنىڭ ئىككى
قىرغىقىدا تۈرك قەبىلىلىرىدىن ياغما، توخسى ۋە بىر قىسىم
چىگىللەر ياشايدۇ. بۇ دەريا تۈرك ئەللىرىنىڭ جەيھۇنىدۇر»
دېگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ قوليازمىسىدا بۇ نام
«ايلا» دەپ يېزىلغان، ئەسەرنىڭ ئەزەربەيجانچە نەشرىدە
Ila، قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان قازاقچە نەشرىدە
Ы л а (І ле)، ئۆزبېكىستان ئۆزبېكچە نەشرىدە ILA
(Или)، ئامېرىكا ئىنگلىزچە نەشرىدە ıla، تۈركىيە تۈركچە
نەشرىدە Ila=Ili دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. خەنزۇچە
نەشرى ئۇيغۇرچە نەشرىنى ئاساس قىلىپ تەرجىمە قىلىنغانلىق-
تىن ترانسكرىپسىيەسى تامامەن ئوخشاش. بۈيۈك مۇتەپەك-
كۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىردە يازغان «قۇتادغۇ-
بىلىك» ناملىق بىباھا ئەسىرىدە ئىلى نامىنى ئالتە قېتىم تىلغا
ئالغان. تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف پەرغانە ۋە قاھىرە
قوليازما نۇسخىسىنى ئاساس، ۋېنا نۇسخىسى ۋە رىشىت رەھ-
مەتى ئارات ئىشلىگەن نۇسخىنى قوشۇمچە قىلىپ تۈرغۈزغان
مەتىندە بۇ نام «ايلا» دەپ ئېلىنغان. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ
ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان ئىنگلىزچە تەرجىمە نەشرىدە Ili،
تۈركچە نەشرى مەتىندە ıla، قازاقىستاندا تەرجىمە قىلىنىپ
نەشر قىلىنغان قازاقچە نەشرىنىڭ بېيجىڭدا مىللەتلەر نەشرىياتى
كۆچۈرۈپ نەشر قىلغان نۇسخىسىدا «ىلا»، ئۇيغۇرچە نەزمىي
نۇسخىدىن قىرغىزچىغا ئاغدۇرۇلۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
نەشر قىلغان قىرغىزچە نەشرىدە «ئىلە» دەپ ئېلىنغان. قە-
دىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەرگە تە-
ئەللۇق يارلىق — ئۇيغۇر ئىدىقۇتىدىن ئاقۇگ بالىق (قارا-





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەھەر)تىكى ئارسلان ئۈگەگە ئەۋەرتىلگەن مەخپىي يارلىقتا ئە-
لى نامى تىلغا ئېلىنغان. بۇ يارلىقنى دەسلەپ ئېلان قىلغان تۇ-
گۇشۇۋا ۋە كىلاۋسۇننىڭ قانداق ترانسكرىپسىيە قىلغانلىقى
نامەلۇم، لېكىن پىروفېسسور گېڭ شىمىن ئىككى پارچە مۇناسى-
ۋەتلىك يارلىقتا ila دەپ ئالغان. مۇشۇ يارلىقنى ئېلان قىلغان
پىروفېسسور لى جىڭۋېي ila دەپ ئالغان، ئارقىدىن ئىزاھات
بېرىپila، يەر نامى. ئەسلىدە ili ئىدى، دەپ يازغان. مۇشۇ
يارلىقنىڭ ئىسمائىل تۆمۈرى تەييارلىغان «ئىدىقۇت ھۆججەتلى-
رى» ناملىق كىتابىدا «ئىلا» دەپ ئېلىنغان. تارىخ بويىلاپ
يازمىلارنى كۆرىدىغان بولساق ئىلى نامى كۆپ يازمىلاردا تىلغا
ئېلىنىدۇ. 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بۇ نام قانداق
كېلىپ چىققان؟ ئەينى زاماندىكى توغرا تەلەپپۇزى قانداق؟

ھازىرمۇ بۇ نامنىڭ ئېتمولوگىيەسىنى ئېنىقلاشتا ياردەمدە
بولىدىغان يەر ناملىرى خېلى بار. شۋېتسىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس
گۇننار يارىڭنىڭ 1997 ـ يىلى ستوكھولم شەھرىدە ئىنگلىز
تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي يەر ناملىرى —
تارىم ۋە لوپنۇر مىسالىدا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابىدا،
ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ كىتابلىرىدىكى يەر ناملىرىنى مۇنداق
جۇغلىغان: ئىلا، ئىلچى، ئىلە، ئاخۇن ئىلەسى، قۇربان بەكنىڭ
ئىلەسى، ئىلەك، ئاق ئىلەك، ئاۋۇل گۆلمە قاداغان ئىلەك، بوز
ئىلەك، دارغ ئىلەك، جامالى قوتانى ئىلەك، گۇن ئىلەك، ئىلەك
كۆل، ئىلەك سۇ، ئىلەك شىرغا چاپقان، ئىلەك توققۇز تارىم،
يامان ئىلەك، ياڭى تارىمنىڭ ئىلەكى، كۆك ئىلەك، مانجار باس-
قان ئىلەك، ئۆردەك ياغۇچ ئىلەك، قادىقە ئىلەك، قارۇنا تۇغ-
قان (تۆككەن؟) ئىلەك، تەتىر ئىلەك، ئۇزۇن ئىلەك، ئايغىلىق
ئىلەگى، ئالىم ئاخۇننىڭ ئىلەكى، ماسەنى ئىلەكى، مەڭلىگى ئى-
لەكى، قۇرغان (قورغان؟) ئىلەكى، سەيىت ئاسارنى ئىلەكى.
چەرچەن ناھىيەسىدە ھازىرمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەر نام-
لىرى قوللىنىلماقتا، مەسىلەن: يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدا بىرىنچى
ئىلەك، ئىككىنچى ئىلەك، ئۈچىنچى ئىلەك؛ باغئېرىق يېزىسىدا:
ئىلەك مەيدان؛ تاتىراڭ يېزىسىدا: ئاق ئىلەك، ئەلماخۇن ئىلەك
(جىلغا)؛ ئاتچان يېزىسىدا: ئالتۇن بېگى ئىلىسى، تۆت ئىلى
ساي، ئىلى چاپ، ئىلى چېپى، ئىلىلىق، ئاقتاش ئىلەنىڭ چاپ،
ئالماس ئىلە ئەتكەن دۆڭ؛ قوراملىق يېزىسىدا: تەكتەك ئىلى
قېقىر، تۆت ئىلە دەرياسى، تۆت ئىلە ساي، تۆت ئىلە قوش،
قالماق ئىلەنىڭ چاپ، قوش ئىلەنىڭ چاپ، قۇم ئىلەك (ئىككى-
سى بار)، ئىلە بۇيان، ئىلە دۆڭ؛ ئويىيايلاق يېزىسىدا: كىچىك
ئىلە، ئىلە، ئىلى تېشى، ئىلى قول؛ تۇر يېزىسىدا: بۇغۇنا ئېغى-
نىڭ ئىلەك، تۆت ئىلە، سالۋانىڭ ئىلەك، ئىلە بۇيان؛ كۆنچى-
بۇلاق تەۋەسىدە: ئىلى چېپى (ئىككى جايدا)، ئىلىلىك... دې-
گەندەك يەر ناملىرى بار. ئەمەلىيەتتە تارىم ئويمانلىقىنىڭ
ھەممە يېرىدە «ئىلەك» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر نامل-
رى بار. يازغۇچى تۇرسۇن مەخمۇت چەرچەن ناھىيەسىدىكى
يەر ناملىرىنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش داۋامىدا ئېرىش-
كەن ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن: «ئىلەك — يار تارتىپ كەتكەن
يەرنى كۆرسىتىدۇ، دەريا ياكى ئېقىن دېگەن مەنىدە. بۇ يەردە
ئېقىنلار پەرقلەندۈرۈلۈپ ئاتالغان، چوڭدىن كىچىككە قارىتىپ
تىزغاندا، دەريا ـ ساي ـ قول ـ چاپ ـ جىلغا ـ جىلغاي ـ
ئىلەك، دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئىلەك مەلۇم بۇلاقنىڭ سۈيىنى مەنبە
قىلغان ياكى سىرغىپ چىققان سۇلاردىن شەكىللەنگەن بولىدۇ.
دەريانىڭ ئۆزىنىمۇ ‹ئىلە› دەيدىغان ئەھۋال بار. مەسىلەن:
چەرچەن ناھىيەسىدىكى تۆتئىلە دەرياسى بولسا تۆت چوڭ ئې-
قىن، يەنى تۆت چوڭ ساينىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، بۇ
تۆت چوڭ ساي ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جىغانلىق ساي، ئارقى-
نىڭ ساي، تۆت ئىلەنىڭ ئۆزىنىڭ ساي، ئارقا قولنىڭ ساي قا-
تارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇلار يەنە بەزىدە جىغانلىق دەرياسى،
ئارقا ساينىڭ دەرياسى، تۆت ئىلىنىڭ ئۆزىنىڭ دەرياسى دې-
گەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ‹ئى-
لە› دېگەن سۆز يەنە ‹دەريا› دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ. ئېقىننىڭ
كىچىكى ‹ئىلەك›، چوڭى‹ئىلە› بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ‹ك› تا-
ۋۇشنىڭ كىچىكلىتىش رولى بار» دەيدۇ.

ئىلى نامىنىڭ ئېتمولوگىيەسى توغرىسىدىكى ئۆگىنىشىمگە
ئاساسلانغاندا، بۇ نامنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋە توغرا تەلەپپۇزى ئە-
لە بولۇپ تاكى 20 ـ ئەسىرگىچە شۇنداق قوللىنىلغان، 20 ـ
ئەسىردە «ئە» فونېمىسى ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ ‹ئىلى› دېيىلىدىغان
بولۇپ قالغان. 20 ـ ئەسىردە نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەر-
دە، ھازىرقى نام ئىلىغا مۇراجەت قىلىنغانلىقتىن ‹ئىلى› دەپ ئا-
لىدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن. ‹ئىلە› نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى-
دىكى سۆز بولۇپ «چوڭ، بەلگە» دېگەن مەنىگە ئىگە. ‹ئىلە›-
نىڭ كىچىكلىتىلگەن ھالىتى ئىلەك بولۇشى بۇ نامنىڭ دەريانىڭ
چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىلغا قىلماق» دېگەن سۆزگە
باغلانغان ئىلقۇدۇق، ئىلدۆڭ دېگەندەك كۆپلىگەن ناملارنى
كۆرسىتىش مۇمكىن. دوكتور گۇننار يارىڭ ile~ille نى يول
بەلگىسى، تاغ ياكى باشقا جايلاردا تاش دۆۋىلەپ ياسالغان؛
illedung (ئىلە دۆڭ) يول بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان دۆڭ؛ ile
تاش دۆۋىلەپ ياسالغان يول بەلگىسى دېگەن، بۇ نام مالوفنىڭ
كىتابىدىمۇ كۆرۈلگەن ilma بەلگە، سىمۋول دەپ چۈشەندۈر-
گەندەك، بەلگە دېگەن مەنىسىمۇ بار. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىدىكى «ئىلە» سۆزىدىن كېلىپ چىققان ئىلى نامى «چوڭ
دەريا، بەلگە» دېگەندەك مەنىگە ئىگە. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىي
ۋە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بۇ دەرياني جەيھۇن دەرياسىغا
ئوخشاتقان.

(ئاپتور: چارقىلىق ناھىيە تېلېگراف شىركىتىدە)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com



# فرانسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى

◉ ئىلھام مۇھەممەد

19 – ، 20 – ئەسىردىكى فرانسىيە ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى مول، ئۆزگىچە، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلەرنى قالدۇرغان ئەدەبىياتتۇر. بۇ دەۋردە دۇنياغا داڭلىق يازغۇچى – شائىرلار مەيدانغا كېلىپ، فرانسىيە تەنقىدىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بالزاك، زولا، سارترې بىلەن سىمونا قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى كىشىنىڭ قىزىقىشىنى ئالاھىدە قوزغايدۇ، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا يېتەكلەيدۇ.

## بالزاكنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى

ئونورى دې بالزاك (1799 – 1850) فرانسىيەنىڭ **19** – ئەسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر رېئالىستىك يازغۇچىسى، مور شەھىرىدە تۇغۇلغان. **91** پارچە ئەسەردىن تەركىب تاپقان «ئىنسان كومېدىيەسى» ناملىق بىر يۈرۈش ئەسىرى بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلغان بۈيۈك يازغۇچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «يېۋگېنى گراندى»، «گورىيو بوۋاي»، «خام خىيالنىڭ بەربات بولۇشى» ناملىق رومانلىرى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىندۇر. ئۇنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى كىشىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. بالزاكنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشىدا بارلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ مېھىر-شەپقىتىنى يەتكۈزگەن، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلۇغ يازغۇچى بولۇپ چىقىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بىر نەچچە ئاقسۆڭەك ئايالنى تىلغا ئالماي بولمايدۇ. مۇھەببەت مەسىلىسىدە بالزاك كۆپىنچە ئۈچىنچى شەخسنىڭ رولىنى ئالغان. جۆرە تاللاشتا ئۆزىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىغا يۈزلىنىشكە پايدىلىق بولۇشى ھەم قەرزگە بوغۇلۇشتىن ساقلىنىشقا پايدىلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتقان بالزاك قارشى تەرەپنىڭ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن بولۇشى ھەم كاتتا باي بولۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغلۇق ۋە بايلىقنى مۇھىم شەرت قىلغانلىقتىن، ئەينى چاغدا ئۆزى ئىنتىلگەن ھېچقايسى نىشانىغا يېتەلمەي، ھەمىشە شاختىن-شاخقا قونۇپ يۈرگەن.

**1821** – يىلى ئاۋغۇستنىڭ بىر ئاخشىمى دې بورنى ئائىلىسى داچىسىنىڭ گۈللۈكىگە ئۆتىدىغان ئارقا ئىشىك يېنىك ئېچىلدى. دې بورنى خانىم تىترەۋاتقان قوللىرى بىلەن ئىشىك سىرتىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتقان سۆيگىنى بالزاكنى ئېلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىدۇ. 22 ياشلىق بالزاك ياخشى كۆرگەن بۇ ئايال ساھىبجامال قىز بولماستىن، بەلكى بالزاكنىڭ ئانىسى بىلەن تەڭتۇش، توققۇز بالىسى بار، **46** ياشلىق قوشنىسى دې بورنى خانىم ئىدى. بالزاك ياش ۋاقتىدا قىزلار بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالىدىغان كېلىشكەن يىگىت بولماستىن يۈزى يوغان، كۆزى كىچىك، ئاغزى چوڭ، چىشلىرى ئېگىز – پەس، پاكار ھەم سېمىز، مۇرىسى نا-

www.uyghurkitap.com

ھايتى كەڭ كۆرۈمسىز يىگىت بولۇپ، ھۆنەردە كامالەتكە يەتكەن ھەر قانداق تىككۈچىمۇ ئۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك كىيىم تىكەلمەيدۇ. چىرايىنىڭ كۆرۈمسىزلىكى سەۋەبىدىن قاتتىق ئازابلانغان بالزاك «ساغرا تېرە» ناملىق ئەسىرىدە ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىدىن، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئائىلە كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ئالغاندا، بالزاكنىڭ دادىسى شەھەرگە كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ، بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدە خۇشامەتچىلىكى بىلەن بىردىنلا بېيىپ كەتكەن دېھقان ئىدى. ئانىسى ئاننا خانىم مىجەزى ناھايىتى ئوسال، كۆپ پەرھىز تۇتىدىغان، «مال - دۇنيا ھەممە دېمەكتۇر» دەپ قارايدىغان ئايال ئىدى. قاتتىق قول، رەھىمسىز ئانىسى بالزاكنى تۇغۇپلا ئىنىكئانىنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرىدۇ. يەكشەنبە كۈنلا ئائىلىسىگە قايتالايدىغان بالزاك ئاغرىپ قالسىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ كارى بولمايدۇ. بالزاك ھەر قېتىم ئانىسىغا يېقىنلىشىپ ئۇنى قۇچاقلىماقچى بولغاندا، ئەزەلدىن ياخشى گەپ قىلىپ باقمىغان ئانىسى قاتتىق ۋارقىرىسا، بالزاك قورقۇپ تىترەپ كېتىدۇ. كىچىكىدىنلا كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق، ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولۇپ غېرىبانە ئۆتكەن باللىق بالزاكنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك جاراھەت قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

بالزاك ئائىلىسىنىڭ پارىژدىكى ئولتۇراق ئۆيى دې بورنى گابروبېل ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولۇپ، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىدۇ. دې بورنى خانىم ئېرىدىن كۆپ ياش بولۇپ، بالزاك ئۇلارنىڭ ئوغلى ئالېكساندىرنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ياردەملىشىدۇ. بالزاكنىڭ ئانىسى ئاننا خانىم ئوغلىنىڭ بۇرۇنقىغا قارىغاندا ياسىنىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، كىشىلەرگە تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىشى، دې بورنى ئائىلىسىگە ئادەتتىكىدىن كۆپ بېرىشىغا قاراپ «ئوغلۇم دې بورنى خانىمنىڭ چىرايلىق قىزى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ بەكمۇ خۇشال بولىدۇ. بالزاكنىڭ دەسلەپ دې بورنى خانىمنىڭ چىرايلىق قىزىغا كۆڭلى چۈشىدۇ. ئەمما، رېئاللىقتا بالزاكنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى دې بورنى ئائىلىسىنىڭ ساھىپجامال قىزى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئانىسى دې بورنى خانىم بولۇپ چىقىدۇ. كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق ھەم ئانا مېھرىگە ئىنتايىن موھتاج بولغان بالزاك دې بورنى خانىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلغان غەمخورلۇق بىلەن ئانىلىق مېھرىنى بايقايدۇ. بالزاكنىڭ ئۆزىگە بولغان قىزغىن مۇئامىلىسىنى، ئۆزىنى كۆرگەندە قىزىرىپ كېتىشلىرىنى ئۆزى ۋە ئەۋزەل ئىجتىمائىي ئورنىغا ھۆرمەت قىلغانلىق، دەپ ئويلىغان دې بورنى خانىم دەسلەپ بالزاكنىڭ ئۆزىگە باشقىچە ھېسسىياتىنىڭ بارلىقىنى قىلچە سەزمەيدۇ. بالزاكنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقىدىن قاتتىق چۆچۈگەن دې بورنى خانىم بالزاكنىڭ بۇخىل ھېسسىياتىنى پەقەت دوستلۇق ئىچىدە چەكلەشكە بەل باغلايدۇ. بىر نەچچە ھەپتە، ھەتتا بىر نەچچە ئاي كۈچىنىڭ بارىچە رەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بالزاكنىڭ نىيىتىدىن يانماي قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان كۈچلۈك ئىرادىسى ئالدىدا ئاخىرى باش ئېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ. دې بورنى خانىم بالزاك ئېھتىياجلىق بولغان مۇھەببەتنى بەخش ئېتىپلا قالماستىن، ئىلگىرى مەھرۇم بولغان ئانا مېھرىنىمۇ بەخش ئېتىدۇ. بالزاكنىڭ دەرد - ئەلەمنى، كىشىلىك ھايات توغرىسىكى پىلانىنى بېرىلىپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھايات سەپىرىدىكى ياخشى ئۇستازى ھەم دوستى بولۇپ قالىدۇ. دې بورنى خانىمنىڭ مۇھەببىتى ۋە تەربىيەسى بىلەن بالزاك يوقالغان ئىشەنچىسىنى قايتا تۇرغۇزۇپ، ئىجادىيەتتە تېز يۈكسىلىدۇ. بالزاك بىلەن دې بورنى خانىمنىڭ مۇھەببىتى ئون يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، تەدرىجى ھالدا بىر خىل دوستلۇققا ئايلىنىدۇ.

بالزاك قىرانلىق مەزگىلگە قەدەم قويغاندا، چاچلىرى ئاقارغان 53 ياشلىق دې بورنى خانىمنى تاشلاپ يەنە بىر قېتىم مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالىدۇ. خىزمەت قىلىپ چارچىغان، قەرز تۆلەشتىن قورقۇپ سىڭلىسىنىڭ قېشىغا بارغان بالزاك سىڭلىسى ئارقىلىق ئوفىتسېرنىڭ ئايالى كارو جولما بىلەن تونۇشىدۇ ھەمدە جولما ئائىلىسىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارە ئېلىپ يېزىقچىلىق قىلىدۇ. سەل ئاقساپ ماڭىدىغان جولما ئانچە چىرايلىق بولمىغىنى بىلەن ئىنتايىن زېرەك، پاراسەتلىك ئايال ئىدى. جولمانىڭ كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئېلىشىدىن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان زور تەسەللىيگە، كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىققا مۇيەسسەر بولغان بالزاك شەخسىي غەرەزدىن خالىي جولما خانىمغا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلايدۇ. بالزاكنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئېرىگە خىيانەت قىلىشنى خالىمىغان جولما خانىم بالزاكقا ئۆز ئوغلى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئىجادىيىتىگە مەدەت بېرىپ، ئۇنى چەكسىز بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. بالزاكنىڭ ئەسىرى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندە تۇنجى بولۇپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئەسىرىدە كۆرۈلگەن نۇقسانلارنى سەممىي تەنقىدلەپ، جاسارەتلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. جولما خانىمدا ئاقسۆڭەكلىك سالاھىيەت ۋە كۆپلىگەن مال - دۇنيا بولمىغانلىقتىن، بالزاك ئۇنى داۋاملىق قوغلاشماي، پەقەت ئۇستازى ھەم دوستى ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى قەلبىدە ساقلاپ قالىدۇ.

بالزاك ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ئاياللارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى، ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، نامىنىڭ چىقىشىغا ئەگىشىپ، پارىژدىكى ئاياللاردىن باشقا، فىرانسىيەنىڭ ئەڭ يىراق ئۆلكىلىرى، ھەتتا گېرمانىيە، رۇسىيە، پولشادىكى ئاياللارمۇ ئۇنىڭغا قىزىقىپ، بەس - بەستە خەت يازىدۇ. تېخى ئۆيلەنمىگەن بالزاك خەت يازغۇچىلار ئىچىدىن مەرتىۋىسى ياخشى بىر جورا تېپىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. 1832 - يىلى 26 - دېكابىر بالزاك رۇسىيەدىن كەلگەن، «نامسىز قىز» دەپ ئىمزا قويۇلغان، قويۇق مۇھەببەت تۈسىنى ئالغان، شېرىن - شېكەر رومانتىك سۆزلەر بىلەن تولغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بالزاك خەت يازغۇچىنىڭ چىرايلىق ئاقسۆڭەك ئايال ياكى بىرەر مەلىكە ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ، قاتتىق ھاياجانلانغان بولسىمۇ، ئەمما رەھمەت ئېيتىپ جاۋاب خەت يېزىشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇ خەتنىڭ ئىگىسى پولشالىق ئېسىلزادىلەرنىڭ قىزى، رۇسىيەلىك مىليونېرنىڭ ئايالى، يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە دې گانسكا خانىم ئىدى. ئۇكرائىنادىكى ئاۋات بازارلاردىن يىراق بىر يەردە ئولتۇرىدىغان، بالدۇرلا قېرىلىق يەتكەن، ئېرى ئۆزىدىن 25 ياش چوڭ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا ئىنتايىن موھتاج بولغان 30 ياشلىق دى گانسكا خانىم ئىككى نەۋرە قىزى ۋە قىزلىرىنىڭ شۋېتسارىيەلىك ئايال ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىرلىشىپ، بالزاكنى ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن بۇ «كولليكتىپ ئەسەر»نى ئىجاد قىلىدۇ. ئۇلار خەتنىڭ بالزاكقا

تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكىنى ئېنىقلايدىغان بىر ياخشى ئۇسۇلنى ئويلاپ چىقىپ، بىر گېزىتكە ئېلان بېرىدۇ. 1833 ـ يىلى 8 ـ يانۋار شۇ گېزىتتىن «بالزاك ئەپەندى يازغان خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدى... ئۇ ئۆزىنىڭ جاۋاب خېتىنى نەگە ئەۋەتىشنى بىلمەيۋاتىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى خەۋەرنى ئوقۇغان گانىسكا خانىم ھەم خۇشال بولىدۇ ھەم ئېرىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. ئەمما، بالزاكنىڭ مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولۇش، ھەتتا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايال باش قەھرىمان بولۇشنى ئارزۇ قىلغان دې گانىسكا خانىم بالزاكقا باشقىلارغا ئۇقتۇرماي خەت يېزىپ، ئۇزىنىڭ ئادرېسىنى، ھەتتا فرانسىيەگە يېقىن بىر جايغا ساياھەتكە بارىدىغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. بالزاك خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چەكسىز ھاياجانلىنىپ، دەرھال ئۇكرائىناغا ئارقا ـ ئارقىدىن مۇھەببەت خېتى يازىدۇ. شۇ يىلى ئىيۇلدا بالزاك دې گانىسكا خانىمنىڭ مەخپىي كۆرسەتمىسى بويىچە پارىژدىن 400 مىل يىراق كېلىدىغان يېڭى ساتىلدىكى بىر سارايغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئۇ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئايالنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئېرىگە بىلىندۇرمەي مۇھەببەتلىشىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن دې گانىسكا خانىم پايانسىز بۇغدايلىقتا بالزاك بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىدۇ. چەكسىز ھاياجان بىلەن پارىژغا قايتقان بالزاك سۆيگىنىگە ئالىيجاناب مۇھەببىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «يېزا دوختۇرى»، «يېۋگېنى گراندى» قاتارلىق بىر نەچچە مەشھۇر ئەسەرلىرىنى مۇشۇ مەزگىلدە يېزىپ چىقىدۇ. 1833 ـ يىلى مىلاد بايرىمىدا جەنۋەگە بېرىپ، سەپەر ئۇستىدە دې گانىسكا خانىم بىلەن بىر سارايدا يەنە مەخپىي ئۇچرىشىپ، مەڭگۈ ۋاپادار بولۇشقا قەسەم قىلىشىدۇ. بالزاك بىلەن دې گانىسكا خانىمنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى كومېدىيەلىك تۈسكە تولغان بولسا، كېيىنكى باسقۇچى ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ ئېسىلزادىلىكى، بايلىقىغا تەمەننا قويىدىغان، بالزاكنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنىڭ ياخشى نامىنى تارىختا قالدۇرۇشنى، بالزاكنى ئايىقىغا باش قويغۇزۇپ زور خۇشاللىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان دې گانىسكا خانىمنىڭ سەككىز يىلدىن كېيىن ئېرى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، قىزىنى ياتلىق قىلىشنى باھانە قىلىپ، بالزاك بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلمايدۇ. قىزى ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنە باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ توي قىلىشنى رەت قىلىدۇ. كاتتىلار سېپىگە قوشۇلۇش ۋە كۆپلىگەن بايلىققا ئېرىشىشكە ئىنتىلگەن بالزاك ئۆزىنى مەنسىتمەيدىغان بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا كۆڭلى بويى خۇشامەت قىلىپ يۈرىدۇ. چارچىغانلىقىغا قارىماي، پارىژدىن ئۇكرائىناغا بارىدىغان يولدا پەيتۇن بىلەن ئۇزۇن يول يۈرۈپ، تازا ئىجاد قىلىدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتى، زېھنىي كۈچىنى ئىسراپ قىلىدۇ. دەرد ـ ئەلەم تارتقان ھەم ھەددىدىن زىيادە ئىشلەپ چارچىغان بالزاكنىڭ تەن سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىشقا باشلايدۇ. 1844 ـ يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ 18 ~ 20 سائەت ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۆزى ياسىۋالغان قەھۋەمۇ ئۇنى روھلاندۇرالمايدۇ. يۈز مۇسكۇللىرى تارتىشىپ، نېرۋا پائالىيىتى بۇزۇلۇشقا، بېشى ئاغرىپ ئىششىشقا باشلايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئىككى مەشھۇر ئەسىرى «بېيتې ھامما»، «پېنىس تاغا» (1846)نى تاماملايدۇ. بالزاكنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىغا كۆزى يەتكەن دې گانىسكا خانىم ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلىدۇ. 1850 ـ يىلى مارتتا ئۇلار ئۇكرائىنادىكى بىر چېركاۋدا مەخپىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. تويدىن كېيىن بالزاك ئاغرىقتىن ئۆرە بولالمايدۇ، دې گانىسكا خانىممۇ ئۇنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالمايدۇ. شۇ يىلى17 ـ ئاۋغۇست كېچە سائەت ئون يېرىمدا بۇ ئەدەبىيات پېشۋاسى 51 يېشىدا پارىژدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## زولانىڭ كېچىكىپ مۇھەببەتلىشىشى

ئېمىل زولا (1840 - 1902) فرانسىيەنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر يازغۇچىسى، پارىژدا تۇغۇلغان. زولا 25 يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان 20 توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «رۇگون ـ ماكار جەمەتى» بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. كۈچلۈك ئۈمىدۋارلىق ھەم قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئېپوس خاراكتېرلىك بۇ ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمى «دوختۇر باسكار» (1893)دا زولا باسكار بىلەن كرودىدېنىڭ ساپ، قىزغىن مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرىنى جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ زولا بىلەن كىر يۇغۇچى ساھىبجامال قىز راننانىڭ مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى ئىدى. راننا زولا ئۆمرىدە ئاشىق بولغان بىردىنبىر ئايال. زولا يېشى 50 كە بېرىپ قالغاندا راننانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق راننا زولانىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىغا ۋە ئىجادىيىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن.

زولانىڭ ھەر بىر ئەسىرى جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەنلىكتىن، تەنقىدچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى، شاگىرتلىرىمۇ ئۇنى چۈشەنمەيدۇ. 1886 ـ يىلى ئۇنىڭ «ئەسەر» ناملىق ئەسىرى ئېلان قىلىنغاندا، باللىق ۋاقتىدىكى يېقىن دوستى، «ھازىرقى زامان رەسساملىقىنىڭ بوۋىسى» دەپ ئاتالغان سېزان (1839 - 1906) ئۇنىڭدىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ. زولانىڭ ئائىلە تۇرمۇشىمۇ كۆڭۈلسىز بولۇپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇشى مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىدىن تەسەللىيگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئىدى. ئايالى ئالېكساندرىنا ئىنتايىن چىرايلىق بولسىمۇ، ئۇنىڭدا زولا ئويلىغاندەك قىزلارغا خاس جەلپكارلىق كەمچىل بولغانلىقتىن، پەقەت دوستى قاتارىدىلا كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا مۇھەببىتى بولمىسىمۇ، ئىزچىل تۈردە سادىق بولۇپ كېلىدۇ. جاپالىق كۈنلەردىمۇ بىر ئايال ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدىغان، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ماھىر ئالېكساندرىنا زولاغا جىمجىت مۇھىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇنى خاتىرجەم يېزىقچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مىجەزى بارغانسېرى ئوساللىشىپ، زولاغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان، ھېچكىمنىڭ رايىغا باقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. جەمئىيەتنىڭ چۈشەنمەسلىكى، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولماسلىقى، يالغۇزلۇق ئازابى زولانى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەسرىتىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ، بەزىدە ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆكسۈپ يىغلايدۇ.

1888 ـ يىلى ئەتىيازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئاڭلانغان يېقىملىق ناخشا ساداسى كۈتۈپخانىسىدا ئازاب ئىچىدە ئۇھسىنىپ ئولتۇرغان، تاقىر باش، يۈزىنى قورۇقلار

www.uyghurkitap.com

باسقان، كۆزلىرى نۇرسىز، قەلەم تۇتقاندا قولمۇ قولاشمايدىغان، قېرىلىق يېتىپ بوۋايغىلا ئوخشاپ قالغان زولانىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئازابتىن قۇتۇلدۇردى. ناخشا ساداسى چىقىۋاتقان تەرەپكە ماڭغان زولا خوتۇنىنىڭ كىرخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، 20 ياشلاردىكى بويى زىلۋا، بۇدۇر چاچلىرى ئارقىسىغا تاشلىنىپ تۇرغان ساھىبجامال قىزنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. قىز زولانىڭ چاپىنىنى يۇغاچ ناخشا ئېيتىۋاتقان بولۇپ، چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك چىرايلىق ئىدى. زولانىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەن قىزنىڭ يۈزى خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. شۇ ئىشتىن كېيىن خوتۇنى ياللىغان كىر يۇغۇچى قىز راننا ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىۋالدى. تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان راننا گۈزەل بولۇپلا قالماي، زولاغا چوقۇندىغان ساددا قىز ئىدى. راننا بىلەن ئارىلىشش ئارقىلىق زولانىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئوتى يېنىشقا باشلايدۇ. زولا يېڭىباشتىن تۇتاشقان بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى — يۇ، ئەمما سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كېچىككەن مۇھەببەتكە باتۇرلارچە ئىنتىلىش نىيىتىگە كەلدى. 20 ياشلىق گۈزەل قىز ئۆزىدىن 27 ياش چوڭ ئەدەبىيات پېشۋاسىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىدىن دەسلەپ ھەيران قالدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزى چوقۇنغان ھەم كۆڭلى چۈشكەن بۇ ئەدەبىيات پېشۋاسىغا ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىنى قىلچە ئىككىلەنمەي تەقدىم قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن زولانىڭ قەلبىدىكى پەرىشانلىق تۇمانلىرىنىڭ ئورنىنى خۇشاللىق نۇرلىرى ئىگىلەپ 20 ياش ياشىرىپ قالغاندەك بولدى. راننانىڭ ياشلىق باھارى زولانى قايتا ھاياتي كۈچكە ئىگە قىلدى، ئىلگىرى سەمرىپ كەتكەن زولا ئەمدىلىكتە ئورۇقلاپ، تېتىكلىشىپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، يارىشىملىق كىيىم، رەڭگى ئوچۇق پەلەي كىيىپ، شالاڭ چاچلىرىنى چىرايلىق تاراپ يۈرىدىغان بولدى. راننا بىلەن دائىم تىياتىرخانىغا باردى، بىرلىكتە ساياھەت قىلدى.

راننا بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغانلىقى قانۇنلۇق بولمىغاچقا، ئايالى ئالېكساندىرىنانىڭ ھامان بىر كۈنى ئاشكارا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىغان زولا ئۆزىنى ئازادە، بەختلىك ھېس قىلالمايدۇ. زولا ئويلىغاندەك، ئالېكساندىرىنا ئېرىنىڭ ئۆزى ياللىۋالغان مالاي قىزغا كۆيۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئىنتايىن خورلۇق ھېس قىلدى. زولا ئازار يېگەن ئايالىنىڭ كۈن بويى كۆز يېشى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، راننا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن قول ئۈزۈشنى ئويلايدۇ. بالىغا ئامراق بولسىمۇ ئالېكساندىرىنادىن بالا يۈزى كۆرمىگەن زولا راننا ئۇنىڭغا دېنىز ئىسىملىك بىر قىز، ياك ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەندىن كېيىن، راننادىن ئايرىلىپ كېتىش ئويىدىن ۋاز كەچتى. راننا زولاغا ئەزەلدىن ئالېكساندىرىنادىن ئاجرىشىپ، ئۆزى بىلەن توي قىلىشنى تەلپىنى قويمىغان بولسىمۇ ئاجراشمىسا راننا بىلەن بالىلىرىنىڭ قانۇنلۇق بولالمايدىغانلىقى، ئەركىن - ئازادە ياشىيالمايدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا زولانىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولغان، خاتىرجەم يېزىقچىلىق مۇھىتى يارىتىپ بەرگەن بىگۇناھ ئايالىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. 1893 - يىلى 29 - ئىيۇل زولا رانناغا خەت يېزىپ قەلبىدىكى ئازاب، خاتىرجەمسىزلىكنى ئېيتتى. مېھرىبان راننا قاتتىق ئازابلانسىمۇ، ئازابىنى باشقىلارغا ئۇقتۇرۇشنى خالىمايدۇ، زولادىنمۇ ئاغرىنمايدۇ. ۋېنتسىيەدىن قايتىپ كەلگەن زولا رانناغا ئالتۇن يالىتىلغان 20 تال مارجان، دېنىزغا مەرمەر تاشتىن ئىشلەنگەن سىزغۇچ، ياكقا بىر نەچچە ھېقىق توپ ھەدىيە قىلغاندا، راننا بالىلار بايرام ئۆتكۈزگەندەك خۇشال بولۇشىدۇ. فرانسىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان زولا 1893 - يىلى سېنتەبىردە لوندونغا بېرىپ ئاخبارات ساھەسىدىكى ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان مەزگىلدە، رانناغا ئوغۇرلۇقچە بىر نەچچە پارچە خەت يازدى. 24 - سېنتەبىر كرېدال تىياتىرخانىسىدا 4000 تاماشىبىن فرانسىيەنىڭ بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىسىغا تەنتەنە قىلدى، زولا رانناغا يازغان خېتىدە راننا ۋە ئىككى يۈرەك پارىسىنىڭ بۇ شان- شەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن بولالمىغانلىقىدىن بەك ئەپسۇسلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. 1898 - يىلى زولا يەھۇدىي پۇشتىدىن بولغان فرانسىيە ئوفىتسېرى دېرېيفوسنى ئاقلاپ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى تۇرۇشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ «مېنىڭ شىكايىتىم» ناملىق ئاشكارا خەتنى ئېلان قىلغانلىقتىن، بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاچقا، لوندونغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 11 - دېكابىر زولا راننا بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنىڭ 10 يىللىق خاتىرە كۈنىگە ئاتاپ ئۇنىڭغا ئىمىر - چىمىر خەتلەر يېزىلغان يېڭى يىلنى تەبرىكلەش ئاتكىرتكىسىنى ئەنگلىيەدىن ئەۋەتتى. راننادىن ئىبارەت بۇ گۈزەل كىر يۇغۇچى قىزنىڭ پەيدا بولۇشى يېشى 50 كە بېرىپ ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىغان زولانىڭ ياشلىق باھارىنى قايتىدىن ئۇرغۇتۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. كېچىكىپ نېسىپ بولغان بۇ مۇھەببەت زولانىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىگە ناھايىتى زور تۈرتكە بولدى. تېنى ساغلاملىشىپ، زېھنى ئۇرغۇپ، يېزىقچىلىق ئىشلىرى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولغان زولا «پۇل»، «يىمىرىلىش» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى يازدى، 20 توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى «رۇگون - ماكار جەمەتى»نى يېزىپ تاماملايدۇ. بۇ چوڭ تىپتىكى ھېكايىلەر توپلىمىدىن كېيىن يەنە «ئۈچ شەھەر» («لوئېردى»، «رىم»، «پارىژ») ۋە «ئىنجىل» (يەنى «كۆپىيىش»، «ئەمگەك»، «ھەقىقەت»، «ئادالەت») قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. زولا ئىجادىيىتىنىڭ مايىللىقىنى ئۆزگەرتىپ، كېيىنكى مەزگىلدە ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ناتۇرالىزمدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئىدېئالىزملىققا يۈزلەندۈرۈپ غايە ۋە فانتازىيەدىن ئىبارەت رومانتىك تۈسكە ئىگە بولدى. فرانسىيەنىڭ بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىسى 1902 - يىلى 9 - ئايدا ئۆز تۇرالغۇسىدا كۆمۈر گازى بىلەن زەھەرلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى. 1906 - يىلى فرانسىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئۇلۇغ يازغۇچى ئۈچۈن دۆلەتلىك دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

## ھايات مۇساپىسىدىكى ئۆمۈرلۈك ھەمراھلار – سارترې بىلەن سىمونا

ژان پاۋل سارترې (1980 - 1905) بىلەن سىمونا دې بوۋۇئار (1986-1908) فرانسىيەنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئالاھ-

دە نام - ئاتاق قازانغان پەيلاسوپلىرى، ئەدىبلىرى ۋە ئىجتـ-
مائىي پائالىيەتچىلىرى، شۇنداقلا ھايات مۇساپىسىدىكى ئوقۇش-
سىزلىقتا، سوغۇق نەزەرلەرگە قارشى بوشاشماي كۈرەش قىلىپ،
ئۆز زېمىنىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغان ئۆمۈرلۈك
ھەمراھلاردۇر. ئۇلارنىڭ 50 يىللىق ئۆزگىچە مۇناسىۋىتى بۇ
ئىككەيلەننى كىشىلەر ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان شەخسلەرگە
ئايلاندۇرغان. 1928 - يىلى ئېيۇلنىڭ باشلىرىدا پارىژ ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ سوربوننى قورۇسىدا سارتىرېنىڭ يېقىن دوستى ئې-
بود ئۇنىڭ ئالدىغا قارا كىيىم كىيگەن، زېرەك، جەزبىدار، ئۇ-
زىگە بولغان ئىشەنچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان سىموناني باشلاپ
كېلىدۇ، سارترې بىلەن سىمونا بىر - بىرىگە ئۇزاققىچە قارىشىپ
قالىدۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سىمونا سارترېنىڭ تۇرمۇشىغا
سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ «ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ»ىغا قوشۇ-
لۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى سالاھىيىتىگە
ئېرىشىش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا سارترېنىڭ
پاراسەتلىكى، چېقىشقاقلىقى، يۇمۇرىستىكلىقى، توختىماي پىكىر
يۈرگۈزىدىغان مىجەزى سىمونانى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. كۆڭۈلدى-
كىدەك ھەمراھىنى تاپقان سىمونامۇ بىرقاتار پەزىلىتى، سېھرىي
كۈچى بىلەن سارترېنىڭ تۇرمۇشىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلار دۆ-
لەتلىك ئىمتىھاندىن ئالدىنقى قاتاردا ئۆتۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ
پەلسەپە ئوقۇتقۇسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ،
مىجەز - خاراكتېرى بىر- بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بۇ بىر
جۈپ ياش بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ، ھايات مۇساپىسى-
دىكى ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇپ، 50 يىلنى بىرلىكتە
ئۆتكۈزىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئۇلار كاراسىر باغچىسىدا ئۇچرى-
شىپ، ئىككى يىل ئىچىدە ئىلگىرىكىدىنمۇ يېقىن ئۆتۈش، بىر-
بىرىنى مەڭگۈ ئالدىماسلىق، ھېچقانداق ئىشنى بىر - بىرىدىن
يوشۇرماسلىق، مەڭگۈ توي قىلماسلىق ھەمدە ھەرقايسىسىنىڭ
باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلىشىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى ھەققىدە
بىر پىكىرگە كېلىپ، ئىككى پارچە كېلىشىمگە ئىمزا قويىدۇ. ھا-
يات مۇساپىسى داۋامىدا ئۇلار نۇرغۇن زىددىيەت ۋە تالاش -
تارتىشلارغا ئۇچرايدۇ، ئەمما ئىمكانىيەت بولسىلا ھەركۈنى
ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بىرلىكتە زىيارەت قى-
لىدۇ، ئەمما ئۇلار زادىلا بىللە ياشاپ باقمايدۇ.

1931 - يىلى سارترې بىر يېرىم يىللىق ھەربىي مەجبۇرى-
يەت ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىسى ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. ئارىلىقتا ئۇلار 100 پارچىدىن ئارتۇق خەت
يېزىشىدۇ. 1934 - يىلى سىمونا بېرلىندا ئوقۇۋاتقان سارترېنى
بەك سېغىنغانلىقتىن، رۇخسەت سوراپ بېرلىنغا كېلىدۇ. قايتا
ئۇچرىشىش ئۇلارغا ھەم شاد - خۇراملىق ئاتا قىلىدۇ ھەم ئۆز-
ئارا بىر - بىرىنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرى-
دۇ. سارترې بېرلىندىكى بىر يىللىق ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن، لېھاۋرېغا قايتىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى
بولىدۇ. ئۇلار ئالەمدىكى بارلىق خاپىلىق ۋە ئەنسىزلىكلەرنى
بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، پۈتۈن زېھنىنى كىتاب ئوقۇش، يې-
زىقچىلىق قىلىشقا سەرپ قىلماقچى بولىدۇ. سىمونانىڭ قوللىشى،
ياردىمى ئاستىدا سارترې قەلىمىنى قورال قىلىپ كۆپلىگەن ئە-
دەبىي ئەسەرلەرنى، شۇنداقلا مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسى
شەرھىيلەنگەن ئەسەرلەرنى يازىدۇ، سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالى-
يەتلەرگە قاتنىشىدۇ. سىمونامۇ ئەركىنلىك، مەسئۇلىيەت ۋە ئىن-
سان تەقدىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدۇ.

1939 - يىلى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، سارترې ھەر-
بىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقاندا، سېغىنىش ئازابىغا چىدىمىغان سى-
مونا ئۇستىلىق بىلەن يالغان ھېكايە توقۇپ چىقىپ، سارترې بى-
لەن كۆرۈشۈپ كېلىدۇ. 1940 - يىلى 6 - ئايدا گېرمانىيە فى-
رانسىيەگە تاجاۋۇز قىلغاندا، سارترې تېخى ئۇرۇشقا قاتناشماي
تۇرۇپلا ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. جازا لاگېرىدا تۇرغان بىر يىل
جەرياندا ئىككەيلەننىڭ مۇھەببىتى خەت ئارقىلىق ئۈزۈلۈپ
قالمايدۇ. كېيىنكى يىلى سارترې بىر ئىسپاتنى ئويدۇرۇپ چى-
قىپ، پارىژغا قايتىپ كېلىپ سىمونا بىلەن قايتا ئۇچرىشىدۇ
ھەمدە كوندور ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، قەلى-
مىنىمۇ تاشلاپ قويمايدۇ. 1964 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات
مۇكاپاتىنىڭ سارترېغا بېرىلگەنلىكى جاكارلانغاندا سارترې:
«شەخسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن مەن ھەممىگە قادىر شەرەپكە
ئېرىشكۈچىلەر ئىسىملىكىدىن ئورۇن ئېلىشنى خالىمايمەن» دەپ
مۇكاپاتنى رەت قىلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كې-
يىن سارترې بىلەن سىمونا قېرىلىق باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ،
تېنى بارغانسېرى ئاجىزلىشىدۇ. لېكىن ئۇلار قەلىمىنى تاشلىماي-
دۇ، رېئاللىقتىكى كۈرەشتىنمۇ ۋاز كەچمەيدۇ. ھەددىدىن زىيادە
ھارغىنلىق تۈپەيلىدىن سارترېنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىدۇ،
ئارقىدىن كۆز ئاغرىقىمۇ ئېغىرلىشىپ، پائالىيەتلەرنى ئازايتىشقا
مەجبۇر بولىدۇ. ئۇزاق مۇددەتلىك جىددىي تۇرمۇش سىمونانى
ئېغىر رېماتىزم كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدۇ. سىمونا جىسمانىي ۋە
روھىي ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى دا-
ۋاملاشتۇرىدۇ، كۈن بويى سارترېنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ،
بارلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلايدۇ. سارترېنىڭ ئىككىلا كۆزى كور-
مەس بولۇپ، يېزىشقا ئامالسىز قالغاندا، سىمونا ئۇنىڭ دېمەكچى
بولغانلىرىنى ۋە باشقىلار بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىنى خاتىرىلەپ
ماڭىدۇ. سىمونانىڭ مۇشۇنداق قوللىشى ۋە ئىلھام بېرىشى ئار-
قىسىدا، سارترې بۇ دۇنياغا بىر ئۆلۈش نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئاتا
قىلىدۇ. سارترې ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا سىموناغا: «مەن
سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن، قەدىرلىك قۇندۇزۇم، سىز مې-
نىڭ ياخشى خوتۇنۇم» دەپ شىۋىرلىغاندا، سىمونا بۇ گەپنى تا-
زا چۈشەنمەيدۇ. سارترې ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 72 ياش-
لىق سىمونا پەرىشانلىقتا ياش تۆكۈپ «ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى
ئىككىمىزنى ئايرىۋەتتى، مېنىڭ ئۆلۈمىممۇ ئىككىمىزنى بىرلەش-
تۈرەلمەيدۇ» دەيدۇ.

(ئاپتور: چەرچەن ناھىيەلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات
ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا)

مۇھەررىر: تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى
ئېلخەت: kvlpiti@126.com



# پاستېرناكنىڭ سۆيگۈ ھەسرىتى



1958 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پاستېرناك لىنات شۋېيزىرگە يازغان خېتىدە: «2 - دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئولگا ۋارشلوف يېۋېنىسكىيا بىلەن تونۇشتۇم. ئۇ دەل «دوختۇر ژىۋاگو» ناملىق ئەسىرىمدىكى لارا. شۇ چاغدا بۇ ئەسەرنى يېزىشنى باشلىغاندىم، ئۇ مېنىڭ مەنىۋى ھاياتىم بىلەن يېزىقچىلىقىمنى تولۇق چۈشىنەتتى» دەپ يازغاندى.

خەتتە تىلغا ئېلىنغان ئولگا يېۋېنىسكىيا 1996 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مۇسكۋادا ئالەمدىن ئۆتتى، شۇ يىلى ئۇ 84 ياشتا ئىدى. يېۋېنىسكايا پاستېرناكنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەمراھى، ئىجادىيەت ئىلھامچىسى ئىدى.

پاستېرناك سەنئەت مۇھىتى ئىنتايىن قويۇق ئائىلىدە چوڭ بولدى، ئۇنىڭ ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئىتى ھەققىدىكى بىلىمى مول ئىدى، ئىنگلىز، گېرمان، فىرانسۇز تىلىنى سۇدەك بىلەتتى. ئۇنىڭ مىجەزى غەلىتىرەك بولۇپ كىشىلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيتتى. كېيىن قۇرۇلغان ئەدەبىيات تەشكىلاتى «لاپۇ»غا يېقىنمۇ يولاپ قويمىدى. ئەمما نېمىشقىدۇر بولشېۋىكلار داھىيسى بۇخارىننىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ سوۋېت يازغۇچىلار 1 - قۇرۇلتىيىدا شائىرلارنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆرسىتىلدى. بۇنىڭلىق بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسى ئۆزگىرىپ قالمىدى، چۈنكى ئۇ «لاپۇ»نىڭ ئەزاسى ئەمەس ھەتتا قوللىغۇچىسىمۇ ئەمەس، ئىدى.

1935 - يىلى ستالىن ئۆلۈپ كەتكىلى بەش يىل بولغان ماياكوۋىسكىنى پاستېرناكنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 1938 - يىلى بۇخارىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن پاستېرناك يازغۇچىلار ئارىسىدا يېتىمسىرىدى. پۇرولتارىيات يازغۇچىلىرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئۇ ھۆرمەتنىڭ سىرتىدىكى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا مەسلەكداش يازغۇچىلار بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشقا پېتىنالمايت-

تى. ئالايلۇق، تەربىيەلىنىشى ئوخ-
شىشىپ كېتىدىغان شائىرە ئاخماتو-
ۋانىڭ ئىرى ۋە ئوغلى قولغا ئېلىنىپ
ئۆز ھاياتىغىمۇ كاپالەتلىك قىلالماي-
ۋاتقاندا ئۇنى ئۆزىگە چېتىۋالسۇن-
مۇ؟ پاستېرناك ئائىلىدىمۇ ئوخ-
شاشلا غېرىبسىناتتى. ئىككىنچى قې-
تىم نىكاھلانغان ئايالى ناخاس ئال-
دىنقى ئىرى بىلەن بولغان مۇناسى-
ۋەتنى قەتئىي ئۈزۈپ پاستېرناكقا
ئۆزىنى بېغىشلىغان بولسىمۇ مەدە-
نىيەت سەۋىيەسى جەھەتتىكى پەرق
تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا
مەنىۋى ئورتاقلىق يوق ئىدى.

پاستېرناكنىڭ روھى قاغجىراپ
كەتكەنلىكتىن كۆيۈنۈشكە، مېھىر -
مۇھەببەتكە تولىمۇ تەشنا ئىدى. 2 -
دۇنيا ئۇرۇشى باشلاندى. ئۇ پۈتۈن
سوۋېت خەلقىگە ئوخشاش فا-
شىستلارغا قارشى ئاتلىنىپ، يازغۇ-
چى سىرافومىچ بىلەن ئالدىنقى سەپ-
تە جەڭ قىلىپ مېدال بىلەن مۇكا-
پاتلاندى، شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى يې-
تىمسىراشتىن قۇتۇلغاندەك ھېس
قىلدى. ئۇرۇش غەلىبىسىدىن كېيىن
ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋاسىنىڭ
يېڭىلىنىشىغا تەشنا بولدى، تەنىنى
شۇركەندۈرىدىغان تازىلاشنىڭ،
باستۇرۇشلارنىڭ قايتا تەكرارلان-
ماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى.

**1946** - يىلى ئۇ «دوختۇر
ژىۋاگو»نى يېزىشقا باشلىدى. شۇ
يىلى ئۇ سىمنوف باش مۇھەررىر-
لىك قىلىدىغان «يېڭى دۇنيا» تەھ-
رىراتىدىكى يېۋىنسكايا بىلەن تو-
نۇشتى. يېۋىنسكايانىڭ مۇھەررىر
ياكى سىمىنوفنىڭ كاتىپى ئىكەنلىكى
ھەققىدە قاراشلار بىردەك ئەمەس.
پاستېرناك يېۋىنسكايانىڭ ئىنچىل
ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقان شائىرى،
چوقۇنغۇچىسى ئىدى. ئۇ پاستېرناك-
نى كۆرگەندە تولىمۇ ھاياجانلان-
دى. پاستېرناكمۇ يېۋىنسكايانىڭ
گۈزەل تۇرقىدىن مەست بولدى،
ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچراشقان دە-
قىقىدە قەلبلەرگە ئوت تۇتاشقاندەك
بولدى.

نەچچە كۈن ئۆتۈپ پاستېرناك
بارلىق شېئىرلار توپلىمىنى يېۋىنس-
كاياغا تەقدىم قىلدى، ئارقىدىنلا
يېۋىنسكايانى مەشھۇر پىئانىست
ئېۋگىنيانىڭ ئۆيىگە بىرگە ئېلىپ بې-
رىپ «دوختۇر ژىۋاگو»نىڭ 3 -
بابىنى ئوقۇپ بەردى. يېۋىنسكايا
2 - بابتىكى لارانىڭ خاراكتېرىنىڭ
ئۆزىگە ئىنتايىن ئوخشايدىغانلىقىنى
ھېس قىلغانىدى. كېيىن پاستېرناك
يېۋىنسكىيانى لارانىڭ پىروتوتىپى
قىلىپ، يېۋىنسكىيانىڭ كەچمىشلىرى-
نى لارانىڭ ئوبرازىغا سىڭدۈرۈۋەت-
تى. يېۋىنسكايانىڭ تۇنجى ئىرى
تازىلاشتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان،
ئىككىنچى ئىرى كېسەل بىلەن ئۆل-
گەن بولۇپ قىزى يېلىنىنا بىلەن
تۇرمۇش كەچۈرەتتى. روماندىكى
لارانىڭ ئىرىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋال-
دۇ، لارا قىزى بىلەن بىللە ياشايدۇ.

يېۋىنسكايا بىلەن تەساددىپىي
تونۇشۇش پاستېرناكنىڭ تەقدىرىنى
ئۆزگەرتىۋەتتى. يېۋىنسكايا دۇچ
كەلگەن كۈلپەتلەر پاستېرناكنىڭ
ئۆلۈمىنى تېزلەشتۈرۈۋەتتى دېيىش-
كىمۇ بولاتتى. **1946** - يىلى يېۋې-
نىسكايا **34** ياش، پاستېرناك **56**
ياشتا ئىدى. ياش جەھەتتىكى بۇ
پەرق ئۇلارنىڭ ئىشقى - مۇھەببە-
تىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەل-
مىدى. بىر يىلدىن كېيىن پاستېرناك
يېۋىنسكاياغا:

— كىچىككىنە بىر تەلىپىم بار،
سىزنى «سەن» دەپ چاقىرسام
قانداق، «سىز» دېسەم ساختا بىلى-
نىدىكەن، كايىرىن بولمىغىنىدا پوش-
كىنمۇ بولمايتتى، دونكان بولمىغان
بولسا يېسىنىنمۇ قالتىس شېئىرلارنى
يازالمىغان بولاتتى، پاستېرناكقا يې-
ۋېنسكايا بولمىسا پاستېرناك بولال-
مايدۇ، — دېدى.

ئۇلار مۇھەببەتلەشتى.

پاستېرناكنىڭ غەربتىكى تەسىرى
ھەر قانداق بىر سوۋېت يازغۇچىسى-
دىن يۇقىرى ئىدى. بۇ سوتسىيالىس-
تىك رېئالىزىم يازغۇچىلىرى كۆپ
قېتىم ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىش-
كەن، ئەسەرلىرى دەرسلىكلەرگە
كىرگۈزۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىسمى-
نى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەممە
ئادەم بىلەتتى يۇ، چەت ئەلدە
ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما ياۋروپا
مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر پاستېر-
ناكنى بىلەتتى. پاستېرناك **1946** -
يىلىدىن **1958** - يىلىغىچە نوبېل ئە-
دەبىيات مۇكاپاتىنىڭ نامزاتى بولدى.
ھالبۇكى، سوۋېت يازغۇچىلار جەم-
ئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى پاستېرناكقا
ھەسەت قىلغاچقا ئىلاجىنىڭ بارىچە
ئۇنى باستى، ئەسەرلىرىنى ئېلان
قىلمىدى، ئۇنى باش كۆتۈرگىلى
قويمىدى. پاستېرناك باشتىن - ئا-
ياغ تىز پۈكمىدى، شېئىرلىرىنى
ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان-
دا كىتاب تەرجىمە قىلىپ كۈن كە-
چۈردى. ئۇ تەرجىمە قىلغان «ھام-
لېت» ۋە «فائۇسىت» قاتارلىق

www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەرنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى
تەسىرى بەكمۇ زور بولدى.

پاستېرناكنىڭ تەرجىمە يولىنى
ئۈزۈش ئۈچۈن سوۋېت شېكسپىر
تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى سېمىرنوف
ئۇنىڭ تەرجىمىلىرىدىن پۇتاق چىقى-
رىپ ئۇنىڭ بەت ياسىلىپ پۈتكەن
«شېكسپىر تىياتىر ئەسەرلىرى»نىڭ
نەشر قىلىنىشىنى توختىتىپ قويدى.
ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يازغۇچىلار جەمئىي-
تىنىڭ سېكرېتارى سوركوف «مەدە-
نىيەت ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلىدا
«پاستېرناك شېئىرلىرى ھەققىدە»
دېگەن ئوبزورنى ئېلان قىلىپ
پاستېرناكنىڭ نەزەر دائىرىسى تار،
روھى قۇرۇق، ئۆز - ئۆزىگە تە-
مەننا قويۇشى ئېغىر، ئەسەرلىرىدە
خەلق ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىۋاتقان
دەۋرنىڭ ئاساسىي مېلودىيەسى
ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن، دەپ قاتتىق
سۆكتى. شۇنىڭدىن كېيىن پاستېرناك-
نىڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتى يىراقلىشىپ،
تەرجىمىگە تايىنىپ كۈن ئېلىشتىن
باشقا «دوختۇر ژىۋاگو»نى يېزىشقا
باشچىلاپ كىرىشىپ كەتتى. ھەر بىر
بابنى يازغاندا چوكوۋسكى، ئىۋانوف
ۋە يېۋىنسكاياغا ئوقۇپ بېرەتتى.
بەزىدە يېۋىنسكىيانىڭ ئۆيىدە ئۇ-
نىڭ دوستلىرىغىمۇ ئوقۇپ بېرەتتى.

يازغۇچىلار جەمئىيىتى پاستېر-
ناكنى ئوبدانراق ئەدەپلەپ، «دوخ-
تۇر ژىۋاگو»نى يېزىشنى چەكلەش
ئۈچۈن قەبىھ ئۇسۇلدىن بىرنى
ئويلاپ تاپتى. **1949** - يىل **10** -
ئاينىڭ **9** - كۈنى «مارس» ژۇرنى-
لىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى
ئوسىپوف بىلەن ساختا ھاۋالەنامە
ياسىغان دېگەن جىنايى نام بىلەن
يېۋىنسكايا قولغا ئېلىندى. پاستېر-
ناك يېۋىنسكايانىڭ بۇ ئىش بىلەن
ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقىنى، ئۆ-
زىگە قوقاق سېلىپ، «دوختۇر ژى-
ۋاگو»نى يازدۇرماسلىق ئۈچۈنلا
ئۇنى قولغا ئېلىشقانلىقىنى بىلەتتى.
ئۇ مەھبۇسنى قۇتقۇزۇشقا ئامال-
سىز ئىدى، ئازابلىنىش ۋە ئەسلەش-
تىن سىرت بارلىق زېھنىنى رومان
يېزىشقا قاراتتى. ئۇ ساقچى ئىدارى-
سىغا چاقىرتىلدى، ساقچىلار يېۋې-
نىسكايانىڭ ئۆيىدىن ئاختۇرۇپ ئې-
لىۋالغان شېئىرلار توپلاملىرىنى ئۇ-
نىڭغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدى.
پاستېرناك بۇ توپلاملارنى يېۋىنىس-
كاياغا سوۋغا قىلغانلىقىنى، ئۆزىگە
تەۋە ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ قايتۇرۇپ
ئېلىشنى قەتئىي رەت قىلدى.

پاستېرناكنىڭ قەتئىي پوزىتسى-
يەسى بىلەن تۈرمىدىكى يېۋىنسك-
ياغا بېرىلىدىغان جازا تېخىمۇ ئې-
غىرلاشتى. تىرگاۋچىلار ئۇنى توختى-
ماي سوراقلىدى، كۆز چاقنىغان
چىراغنى ئۇنىڭ كۆزىگە قارىتىپ قو-
يۇپ ئۇنى ئۇخلىغىلى قويمىدى،
ئۇنى كېچە - كۈندۈز قىين - قىس-
تاققا ئېلىپ «يەھۇدىي چوشقى-
سى»نىڭ سوۋېتكە قارشى سۆز ئې-
بارلىرىنى پاش قىلىشقا قىستىدى.
پاستېرناك يەھۇدىي بولغاچقا تىر-
گاۋچىلار ئۇنى «يەھۇدىي چوشقى-
سى» دەۋالغان ئىدى. يېۋىنسكايا-
نىڭ نۇخۇلىسىنى ئېلىپ قويۇش ئۈ-
چۈن ئۇنى جەسەتخانىغا سولاپ
پاستېرناكنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن
بېشارەت بېرىپ ئۇنى داۋاملىق جا-
ھىللىق قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇردى.
يېۋىنسكايا جەسەتخانىدا يالغۇز قې-
لىپ قىلچىمۇ قورقمىدى، جەسەتلەر
ئۈستىدىكى ئاق رەختنى بىر - بىر-
لەپ ئېچىپ سۆيگەن ئادىمىنىڭ جە-
سەتلەر ئارىسىدا يوقلۇقىنى بىلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قارشىلىشىش
ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.

تىرگاۋچىلار ئۇنىڭ ھامىلدارلى-
قىنى بىلىپ قالدى. ئەمدى داۋاملىق
سوراق قىلىۋەرگىلى بولمىغاچقا ئۇنى
پوتما ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش
لاگېرىغا سۈرگۈن قىلدى. ئۇ ئايال
جىنايەتچىلەر بىلەن جوتۇدا يەر
ئاغدۇرۇۋاتقاندا بويىدىن ئاجراپ
كەتتى. بۇ پاستېرناكتىن بولغان بالا
ئىدى. يېۋىنسكايا ئەمگەك بىلەن
ئۆزگەرتىش لاگېرىدا بەش يىل قا-
مىلىپ **1953** - يىلىغا كەلگەندە قو-
يۇپ بېرىلدى. يېۋىنسكايا لاگېردى-
كى چاغدا پاستېرناك ئۇنىڭ بىلەن
زادىلا ئالاقىلىشالمىدى. ھەر قېتىم
ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغنى
ئەسلىگەندە ئۇنىڭ يۈرىكى لەختە -
لەختە بولۇپ، يېۋىنسكاياغا بې-
غىشلانغان سېغىنىش، مەدھىيە شېئىر-
لىرىنى يازاتتى.

يېۋىنسكايا قويۇپ بېرىلگەندىن
كېيىن پاستېرناكنىڭ ئۇنىڭ بىلەن
بەكمۇ كۆرۈشكۈسى بولسىمۇ دەمال-
لىقا كۆرۈشۈشكە پېتىنالماي قالدى.
بەش يىللىق ئازابلىق، تۈرمە ھاياتى
ئادەمنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكى-
غۇ... پاستېرناك يېۋىنسكىيانى
كۆرگەندە خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە
يەتتى. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش
يېۋىنسكايانىڭ روھىنى سۇندۇرال-
مىغانىدى، ئۇنىڭ چىرايى بۇرۇنقى-
دەكلا بولۇپ كىشىنى مەھلىيا قىلات-
تى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ
كۈچەيدى. يېۋىنسكايا پاستېرناكنىڭ
نازاكەتلىك ئاشىقى بولۇپلا قالماي
كەسپىنى قەتئىي قوللىغۇچىسى ئىدى.
«دوختۇر ژىۋاگو»دىكى لارانىڭ
ئوبرازىنى ئىككىلەن ئورتاق ياراتتى

دىسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. چۈنكى يە-
ۋىنسكىيانىڭ كەچمىشلىرى بىلەن
لارانىڭ ئوبرازى تېخىمۇ يارقىن
تۈس ئالدى. پىروتوتىپنىڭ ئوبراز
يارىتىش جەريانىغا بىۋاستە قاتنى-
شىشى ئەدەبىيات تارىخىدا ناھايىتى
كەم ئۇچرايدىغان ئىش. شۇنىڭدىن
كېيىن پاستېرناك ئەسەرلىرىنىڭ
نەشر قىلىش ئىشىنى يىۋىنسكايا
ئۈستىگە ئالدى. پاستېرناكنىڭ رەپى-
قىسى ناخاس بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقىپ بولالمايتتى. پاستېرناك-
نىڭ بۇ ئىككى ئايالغا تۇتقان پو-
زىتسىيەسى خۇددى ژىۋاگونىڭ ئايا-
لى تونىيە بىلەن لاراغا تۇتقان پو-
زىتسىيەسىگە ئوخشايتتى. ئايالىغا
نىسبەتەن ئازابلىق ھېسسىياتتا بول-
سىمۇ ئايرىلىشقا پېتىنالمايتتى. شۇڭا
يىۋىنسكايا بىلەن بىرگە ياشاش
ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

1956 - يىلى پاستېرناك
«دوختۇر ژىۋاگو»نى پۈتتۈرۈپ
ئارگىنالنى «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلى
بىلەن ئەدەبىيات نەشرىياتىغا تاپ-
شۇردى. «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلى
رومانىنى ئېلان قىلىشنى رەت قىلىپ
ئارگىنالنى ئاپتورغا قايتۇردى. ئۇ-
نىڭغا قوشۇمچە سىمىرنوف، فېدىن
ئىمزالىقدىكى بىر پارچە خەتنى يې-
زىپ، روماندا سوۋېتكە، خەلققە
قارشى خاھىش بار، دەپ قاتتىق
سۆكتى. ئەدەبىيات نەشرىياتىمۇ رو-
مانىنى نەشر قىلىشنى رەت قىلدى.

1957 - يىلى ئىتالىيەلىك نەش-
رىيات سودىگىرى فېلتىنىل يىۋىنس-
كايا ئارقىلىق قولىيازمىنى ئېلىپ كې-
تابتىن تولىمۇ زوقلاندى ۋە قول
يازمىنى يوشۇرۇنچە ئىتالىيەگە ئېلىپ
كېتىپ ئىتالىيان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ
نەشر قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇ پاس-
تېرناك بىلەن بۇ ھەقتە مەسلىھەت-
لەشكەندە پاستېرناك ئالدى بىلەن
دۆلەت ئىچىدە نەشر قىلىنىپ بول-
غاندىن كېيىن چەت ئەلدە نەشر قى-
لىش شەرتىنى قويدى. يىۋىنسكايا
ئەدەبىيات نەشرىياتىغا يەنە بىرىپ
نەشرىياتتىكىلەردىن رومانىنى نەشر
قىلىشنى ئۆتۈندى. نەشرىياتتىكىلەر-
نىڭ نەزىرىگە سىغمىغان سۆز -
جۈملىلەرنى، بابلارنى، ھەتتا بىرەر
قىسمىنى چىقىرىۋەتسىمۇ بولىدىغانلى-
قىنى دەپ باقتى. ئەمما رەت قىلىن-
دى. بۇ چاغدا «كۆل رەڭ پەرىجىلىك
ئېپىسكوپ» دەپ نام ئالغان سۇس-
لوۋ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ پاستېرناك-
تىن رومانىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىشنى،
فېلتىنىلدىن قول يازمىنى قايتۇرۇۋې-
لىشنى تەلەپ قىلدى. پاستېرناك
سۇسلوۋنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە
ئىش كۆرگەن بولسىمۇ فېلتىنىل قول
يازمىنى قايتۇرۇشنى رەت قىلدى.

سۇسلوۋ مەخسۇس رىمغا بېرىپ
ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ
باش سېكرىتارى تولىياتتىن بۇ ئىشقا
ئارىلىششنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى
فېلتىنىل كومنىست ئىدى. ئويلىمىغان
يەردىن فېلتىنىل تېخى يېقىندىلا پار-
تىيەدىن چېكىنىپ كەتكەن بولۇپ
چىقتى. 1957 - يىلى «دوختۇر ژى-
ۋاگو»نىڭ ئىتالىيان تىلدىكى نۇسخى-
سى نەشر قىلىندى، ئارقىدىنلا ياۋرو-
پادا ئىنگلىز، گېرمان، فرانسۇز تىل-
لىرىدا نەشر قىلىنىپ 1958 - يىلى
غەربتىكى ئەڭ بازارلىق كىتابقا ئاي-
لىنىپ قالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى
دەرغەزەپ بولدى، يازغۇچىلار ۋە
خەلق غەزەپلەندى. لېكىن ئۇلارنىڭ
بۇ رومانىنى ئوقۇشى ياكى مەزمۇنى-
دىن خەۋەردار بولۇشى ناتايىن ئى-
دى. سۇسلوۋنىڭمۇ بۇ رومانىنى چەت
ئەلدە ئېلان قىلماسلىق ئۈچۈن
ماڭغان يولى بىكارغا كېتىپ يۈزى
چۈشكەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قاراڭغۇ تەرىپىنى يېزىشتا «دوختۇر
ژىۋاگو» 1956 - يىلى دۆلەت ئى-
چىدە نەشر قىلىنغان دوركزىروفنىڭ
«پەقەت بولكىلا ئەمەس» ناملىق
ئەسىرىگە يەتمەيتتى. ئەمما نېمىشقا
دوركزىروفقا تاقەت قىلىشقا بولىدى-
يۇ پاستېرناكقا بولمايدۇ؟

بۇ كىتابنى ئوقۇغان سىمىرنوف
بىلەن فېدىننىڭ غەزەپلىنىشىنىڭ
سەۋەبى ئۇلار بۇ كىتابنى ئوقۇپ
چۈشىنەلمەيتتى. يەنە كېلىپ ھەسەت-
تىن ئىبارەت ئامىلمۇ بار ئىدى.
رەھبەرلەر كىتاب ھەققىدە سورىغان-
دا ئۇلار ھە دەپ يامان گەپلەرنى
قىلغاچقا رەھبەرلەرمۇ غەزەپكە كەل-
دى. خەلق ئاممىسى بولسا رەھبەر-
لەر غەزەپلەنگەنلىكى ئۈچۈنلا غە-
زەپلىنىشتى. ئۇلار رەھبەرلەرنىڭ
ھەر بىر سۆزىنى راست دەپ بىلەت-
تى. خۇلاسە كالام، پاستېرناك لە-
نەتگەردىگە ئايلانغانىدى. مەتبۇ-
ئاتلار «دوختۇر ژىۋاگو»نى تەنقىت-
لەيدىغان ماقالىلارنى كەينى - كەي-
نىدىن ئۇلاپ ئېلان قىلىشقا باشلى-
دى. ئەمما بۇ كىتابنى ئوقۇغان ئا-
دەم يوق دېيەرلىك ئىدى. بىر قان-
چە پېشقەدەم يازغۇچى ئۇنى كۆر-
گەندە سالاملىشىپ قويغاننى ھېسابقا
ئالمىغاندا يازغۇچىلار ئۇنى ئارىغا
ئالمىدى. پەقەت يىۋىنسكايالا ئۇ-
نىڭ بىلەن كۆپ ۋاقتنى بىللە ئۆت-
كۈزەتتى. ئۇنىڭ پاستېرناكقا بولغان
ۋاپادارلىقى ئىزچىل سۇسلاشمىدى.
ئۇ پاستېرناكقا رومانىنىڭ ھامان بىر
كۈنى سوۋېت خەلقى تەرىپىدىن
قارشى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پاستېرناكنىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارىغانلارنى كەچۈرۈۋېتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى. مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالاتتى.

خىروشىف ئۆز ئەسلىمىسىدە «دوختۇر ژىۋاگو»نى تىلغا ئالغان ئىدى. ئۇ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازغان: مەن ھەر قېتىم ‹دوختۇر ژىۋاگو› دېگەن كىتابنى ئويلىسام ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەي قالىمەن. ئۇ دۆلىتىمىزدە چەكلەنگەن كىتاب ئىدى. خاتالىقىم شۇكى ‹يېشىل تاشلىق خاتىرە›گە تۇتقان پوزىتسىيە بويىچە مەسىلىنى تەكشۈرمىگەنىدىم. مەن ‹يېشىل تاشلىق خاتىرە›نى ئوقۇپ كىتاب - ژۇرناللارنى تەكشۈرۈش ئەمەلدارىنىڭ بىمەنە قىلىقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلغانىدىم. مەن ئۇلارنى مەركىزىي بيۇرودا كىتاب ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە چاقىردىم. بەرگەن چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ تۇتامى يوق، پۈت دەسسەپ تۇرالمايدىغان گەپلەر ئىدى، ھەتتا تولىمۇ كۈلكىلىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىز كۆچىمەيلا كىتاب ھەققىدىكى بىمەنە ئەيىپلەشلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق. ۋەھالەنكى، ‹دوختۇر ژىۋاگو›نى ئوقۇپ باقماپتىمەن. رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ھېچكىم بۇ كىتابنى ئوقۇغان ئەمەس. كىتاب چەكلەندى، سەنئەت ئەسەرلىرىنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان تەكشۈرگۈچىلەرگە ئىشىنىپ كېتىپتىمىز. مۇشۇ چەكلەش پەرمانى بىلەن نۇرغۇن ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىدۇق، سوۋېت ئىتتىپاقى بىۋاسىتە زىيانغا ئۇچرىدى. چەت ئەلدىكى زىيالىلار بىزگە قارشى كەينى - كەينىدىن پىكىر بايان قىلىشتى. («خىروشىف ئەسلىمىلىرى» ئىككىنچى قىسىم، 1506 - بەت، ئىجتىمائىي پەن تەزكىرە نەشرىياتى، 2002 - يىل)

«يېشىل تاشلىق خاتىرە» يازغۇچى كازاكوۋىچنىڭ ئەسىرى بولۇپ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن «لېنىننىڭ ئوبرازىنى بۇرمىلىدى» دەپ ئەيىپلىنىپ، ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. خىروشىف كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن بۇ ئەيىپلەشنىڭ تولىمۇ بىمەنىلىكىنى ھېس قىلىپ، كىتابنى دەرھال ئازاد قىلغان ئىدى. پاستېرناكنىڭ بەختسىزلىكى، خىروشىف بۇ كىتابنى ئوقۇمىغانىنىڭ ئۈستىگە، بىرەرسىمۇ بۇ كىتاب ھەققىدە چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىگەنلىكتىن كىتاب داۋاملىق تەنقىتلەندى.

يۇۋېنسكايا سۈسلوۋ تەرىپىدىن مەركەزگە چاقىرتىلدى، سۈسلوۋ ئۇنى قاتتىق ئەيىپلەپ تۇرۇپ پاستېرناك بىلەن ئىتالىيەلىك نەشرىيات سودىگىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كوچىلاپ سورىدى. يۇۋېنسكايا قول يازمىنى نەشرىيات سودىگىرىگە ئۆزىنىڭ بەرگەنلىكىنى، پاستېرناكنىڭ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، پاستېرناكنىڭ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن دۆلەت ئىچىدە نەشر قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى دېدى. سۈسلوۋ يۇۋېنسكايا بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن پاستېرناكقا بولغان تەنقىتنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. بىر قىسىم سەبىي ئوقۇغۇچىلار پاستېرناكنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى، ئۇنىڭ كۈنلىرى خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.

1958 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 1958 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى «ھازىرقى زامان لىرىك شېئىرلىرى ۋە ئۇلۇغ رۇس ئېپىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرىنى» تەقدىرلەش ئۈچۈن پاستېرناكقا بەرگەنلىكىنى جاكارلىدى. پاستېرناك شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا: «چەكسىز مىننەتدارلىق، ھاياجانلىنىش، شەرەپ، دەككە - دۈككە، خىجىللىق» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما ئەۋەتتى. چوكوۋسكى ۋە ئىۋانوفتىن ئىبارەت ئىككى قوشنىسىلا ئۇنى تەبرىكلەپ قويدى.

شۇ كۈنى سەھەردە ئۈچىنچى قوشنا فېدىن پاستېرناكنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئاشخانا ئۆيدە ناشتا تەييارلاۋاتقان پاستېرناكنىڭ ئايالىغا قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل ئۈستىنكى قەۋەتتىكى پاستېرناكنىڭ كۇتۇپخانىسىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى رەت قىلىش خۇسۇسىدا باياناتنى ئېلان قىلىشنى، بولمىسا يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن قوغلاندى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەركىزىي ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى پولىكاروف ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. پاستېرناك باياناتنى ئېلان قىلىشنىمۇ، پولىكاروف بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ رەت قىلدى. فېدىن ئالدىراپ - تېنەپ بېرىپ پولىكاروفقا ئەھۋالنى دوكلات قىلدى.

پاستېرناكنىڭ ئايالى ناخاس فېدىننىڭ ئۆڭ - سۆلى ئۆچكەن ھالدا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

دەرھال ئۇستىنكى قەۋەتكە چىقىپ پاستېرناكنىڭ ھوشىدىن كېتىپ يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى. يازغۇچىلار جەمئىيىتى پاستېرناككا بولغان بېسىمنى بارغانسېرى كۈچەيتكەن بولسىمۇ ئۇ زادىلا باش ئەگمىدى. ئۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسىتىگە يازغان خېتىدە: «ھەر قانداق بىر كۈچ مەندەك رۇس زېمىنىدا ياشاۋاتقان يازغۇچىغا بېرىلگەن بۇنداق شەرەپنى رەت قىلدۇرالمايدۇ. ئەمما نوبېل مۇكاپاتىنى تىنچلىقنى قوغداش كومىتېتىغا تەقدىم قىلىمەن. جەمئىيەت بېسىمى بىلەن ئەزالىق سالاھىيىتىمنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىمەن. سىلەر ھامان بىر كۈنى ماڭا ئادىل مۇئامىلە قىلىسىلەر. مېنى ئېتىۋەتسەڭلارمۇ، سۈرگۈن قىلساڭلارمۇ مەيلى، سىلەر ھەرقانداق ئىشنى قىلالايسىلەر. سىلەرنى ئەپۇ قىلىمەن، سىلەر ئۆزۈڭلار ئالدىراپ كەتمەڭلار، بۇ سىلەرگە بەخت ئەكەلمەيدۇ. نەچچە يىلدىن كېيىن ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىپ ئاقلىنىمەن، سىلەر بۇنداق ئىشنى بىرلا قېتىم قىلغىنىڭلار يوق» دېدى.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن پاستېرناك يېۋىنسكاياغا تېلېفون قىلىپ، شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىغا: «مەن مەنسۇپ جەمئىيەتنىڭ بۇ شەرەپكە بولغان چۈشەنچىسى سەۋەبلىك ماڭا بېرىلگەن، ماڭا مۇناسىپ بولمىغان مۇكاپاتنى قەتئىي رەت قىلىمەن» دېگەن خۇسۇستا تېلېگراما يوللاتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا سوۋېت مەركىزىي كومىتېتىغا: «يېۋىنسكايانىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار، مۇكاپاتنى رەت قىلدىم» دەپ تېلېگراما يوللىدى.

پاستېرناك شان - شەرىپىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈمدىن ۋە سۈرگۈن قىلىشتىن قورقمايتتى، بىراق شان - شەرەپ مۇھەببەتنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس نەرسە ئىدى. يېۋىنىسكايانى زىيانكەشلىكتىن ساقلاش ئۈچۈن پاستېرناك ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانمايتتى.

ئەمما بۇ چاغدا ئۇلار كېچىكىپ قالغان ئىدى، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى سېمىچاتنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن پاستېرناكنىڭ تۇرالغۇسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزۈلۈپ، دېرىزە ئەينەكلىرى تامام چېقىۋېتىلدى. پاستېرناكنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش كېرەك، دەپ چۇقان سېلىندى. ناۋادا ھىندىستان زۇڭلىسى نېھرۇ خىروشچېفقا بىۋاستە تېلېفون قىلمىغىنىدا پاستېرناك چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلىش قىسمىتىگە دۇچار بولاتتى. بۇ بىر قاتار زەربىلەر پاستېرناككا تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ ئۆيدىن تالاغا چىقماي يالغۇز ئولتۇراتتى، يۈرەك كېسىلى بولغاچقا سىرتقا چىقىشىمۇ تەس ئىدى. ئايالى ناخاس يېۋىنسكايانى ئۆيگە يولاتمىدى، ئىككىسى كەمدىن كەم كۆرۈشەتتى، ھەتتا ئۆز ئارا ئۈچۈرلارمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى.

1960 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پاستېرناك ئالەمدىن ئۆتتى. ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزمىدى، پەقەت گېزىتنىڭ بىر بۇرجىكىدە، ئەدەبىيات فوندىنىڭ بىر ئەزاسى پاستېرناك ئالەمدىن ئۆتتى، دەپ خەۋەر بېرىلدى. ھەتتا ئۇ شائىر، يازغۇچى دەپمۇ تىلغا ئېلىنمىدى. ئەمما ئۇنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى يازغان تەزىيەنامىلەرنى ساقچىلار بىر تەرەپتىن يىرتسا يەنە بىر تەرەپتىن تامغا چاپلاندى.

پاستېرناك دەپنە قىلىنغان كۈنى تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىغا ۋىدالىشىشقا كەلدى. ناخاس يېۋىنسكايانىڭ ۋىدالىشىشىغا يول قويمىدى. يېۋىنسكايا دەرۋازا ئالدىدا بىر كېچە تۇردى. مېيىت ئۇزاپ ماڭغاندا سان - ساناقسىز ئادەملەر توپى ئىچىدىن مېيىتقا يىراقتىن قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ يەرگە يىقىلدى. ئەمما ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى.

پاستېرناك ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يېۋىنسكايا ۋە ئۇنىڭ 20 ياشقا كىرگەن قىزى ئېلىننا قول يازمىنى چەت ئەلگە چىقىرىپ غايەت زور قەلەم ھەققى ئالغان دېگەن جىنايى نام بىلەن قولغا ئېلىندى. ئەمەلىيەتتە يېۋىنسكايا «دوختۇر ژىۋاگو» ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ قەلەم ھەققى ئېلىپ باقمىغانىدى. دائىرىلەر پاستېرناكتىن ئالالمىغان دەردىنى يېۋىنسكايادىن ئېلىۋاتاتتى. يېۋىنسكايا تۆت يىل، ئېلىننا ئىككى يىل كېسىلدى. خىروشىف تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن يېۋىنسكايا قويۇپ بېرىلدى. ئۇ پاستېرناك بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ئۆتكەن 13 يىلدا نۇرغۇن كۈلپەتلىك كەچمىشنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ بۇلارنى «ۋاقىتنىڭ تۇتقۇنى» ناملىق ئەسلىمىسىگە كىرگۈزدى.

(تەييارلىغۇچى: ئەسقەر ياسىن)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تەلەپچان ئۇستاز، ھارماس تەتقىقاتچى




تۇرسۇن قۇربان كۆلپىتى

## مانا بۇ ئاينۇر

ئاينۇر مۇھەممەدسىدىق، 1975 ـ يىلى چىرا ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1992 ـ يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا غەرب تېبابىتى كەسپى بويىچە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان، 1999 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ چىرا ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا خىزمەتكە چۈشكەن. ئىككى يىلدىن ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ۋە ئىككىنچى يىلى ئىمتىھان بېرىپ ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا ئۆتۈپ، ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە ئوقۇشنى باشلىغان. 2006 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭيى ـ ئۇيغۇر ـ غەرب تېبابەتچىلىكىنى كىلىنىكىدا بىرلەشتۈرۈش كەسپى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقنى تۈگەتكەن. 2011 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دورىگەرلىك كەسپى بويىچە دوكتور ئاسپىرانتلىقنى تاماملىغان. بۇ جەرياندا ئۇ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى بىرىنچى دوختۇرخانىنىڭ يۈرەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ھەزىم بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ نەپەس كېسەللىكلىرى بۆلۈمى، ئۆسمە كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى تېرە كېسەللىكلەر بۆلۈملىرىدە كىلىنىكا ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ تاماملىغان «مۇرەككەپ كېسەللىكلەرگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئۇستىدە تەتقىقات» ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى «ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى» بولۇپ باھالانغان، «مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالە»سىگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىنغان (بۇ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخىدا ‹مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالە›سىنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇلغان تۇنجى ماقالە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ).









ئاينۇر مۇھەممەدسدىق تۇنجى بولۇپ كلىنىكدا كۆپ ئۇچرايدىغان 30
خىل كېسەللىككە ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئۆلـ
چىمىنى تۈزگەن. بۇ ئۆلچەم جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيتى تە-
رىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ ھەر قايسى جايلاردا كلىنىكا ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلـ
ۋاتىدۇ. ئۇ تۈزگەن «ئۇيغۇر تېبابىتىدە غەيرىي تەبىئىي خىلتلىق كېسەللىكـ
لەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش» (خەنزۇچە نەشر قىلىنغان) ناملىق كىـ
تاب ھازىر ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا دەرسلىك قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

ئۇ يەنە «ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمى»(ئۇيغۇرچە نەشر
قىلىنغان)، «ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيەسى ۋە كلىنىكا ئەمەلىيىتى» (رۇسچە
نەشر قىلىنغان)، «ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى غەيرىي تەبىئىي سەۋدا نەزەرىيەسى»
(خەنزۇچە) قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان. ئالتە تۈرلۈك دۆلەت
دەرىجىلىك تەبىئىي پەن فوندى تەتقىقات تۈرى، تۆت تۈرلۈك ئاپتونوم رايون
ۋە مىنىستىرلىق دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان ۋە تاماملىغان. ئىلگە-
رى - كېيىن بولۇپ نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا 37 پارچە ماقالە ئېلان قىلغان.
2012 - يىلى ۋە 2015 - يىلى تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە
«ئاپتونوم رايون بويىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى»نىڭ 1 -
دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 2014 - يىلى «مائارىپ مىنىستىرلىقى بو-
يىچە پەن - تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى»نىڭ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا
نائىل بولغان. دوتسېنت، دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، مۇئاۋىن
مۇدىر ۋراچ، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى غەرب تېبابىتى ۋە ئۇيغۇر تېبا-
بەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈشتىكى تۇنجى كلىنىكا ئوقۇتقۇچىسى ئاينۇر مۇھەم-
مەدسدىق 2008 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك
ئىنستىتۇتىغا خىزمەتكە چۈشۈپ، ھازىرغىچە شۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ
ھازىر شىنجاڭدا كۆپ كۆرۈلىدىغان مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتى
ۋە غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئالدىن تىزگىنلەش، داۋالاش مەسىلىسى
ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

## ئەگرى - توقاي ئۆگىنىش مۇساپىسى ۋە نەتىجە

شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ ئۈرۈمچى
شەھىرىگە خىزمەتكە ئېلىپ قېلىنغان ياش ئاينۇر، ئۈرۈمچىدىكى خىزمەتنى
رەت قىلىپ چىرا ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈ-
مىگە خىزمەتكە چۈشتى. ئۇ بۇ يەردە ئىشلەش جەريانىدا داۋالىنىشقا كېلىدىغان
بىمارلارنىڭ كۆپلىكى، كېسەللەرنىڭ خىلمۇ خىل ھەم مۇرەككەپلىكى، دوخ-
تۇرلارنىڭ كىشلەر نەزىرىدىكى ئورنىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى، ئەكسىچە
دوختۇرلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيەسى تۆۋەن، داۋالاش ئەسلىھەلىرىنىڭ قالاق ۋە
تولۇق ئەمەسلىكىنى روشەن ھېس قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى كەچلىك ئىسمېنىدا ئىشلەۋاتقان ئايىنۇر ئۈچ بىمارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تۈگەپ كېتىشىگە كۆزىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بىمارنىڭ بىرى ئەمەدىلا تۆت ئايلىق بولغان بوۋاق بولۇپ، ناۋادا شۇ چاغدا بەلغەمنى سۈمۈرۈش ئۈسكۈنىسى بۇزۇلۇپ قالمىغان بولسا بۇ بوۋاقنى قۇتقۇزۇۋېلىش تامامەن مۇمكىن ئىدى، ئەمما كونىراپ كەتكەن ئۈسكۈنىنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشى بىلەن ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بىر نارەسىدە ئۆلۈپ كەتتى... يەنە بىرى يوشۇرۇن يۈرەك تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمار بولۇپ، ئېلېكترو كاردىئوگراممىغا مەسئۇل دوختۇر ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلدى. ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ئۈچىنچىسى 70 ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي بولۇپ، دوختۇرلار ئۇنى جىددىي داۋالايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىزىتمىسى چۈشمەكتە يوق، بارا - بارا ئۆرلەپ كېتىدۇ. ھېچقانداق ئامال تاپالمىغان دوختۇرلار ئاخىرىدا سۇيۇقلۇق ئارقىلىق كىلىزما قىلىشقا رېتسېپ يېزىپ بېرىدۇ، مەسئۇل سېستىرا بۇنى ئىجرا قىلماقچى بولۇپ قىشنىڭ تاڭ - تاڭ سوغۇقىدا ئەمدىلا ئېلىپ كىرىلگەن، قىلچىلىك ئىللىتىلمىغان ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى بىمارغا ئۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇتقۇزۇۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغان بىمار ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئەگەر سېستىرا بىمارنىڭ ئۇ خىل ئەھۋالىدا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى سوغۇق ھالدا سېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلسە ئىدى، بوۋاينىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىنغانمۇ بولار ئىدى بەلكىم... بۇ ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئايىنۇر ناھايىتى ئازابلاندى، ئۆزىنىڭ بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇتقۇزغىلى بولىدىغان بىمارلارنىمۇ قۇتقۇزالمىغانلىقىدىن ئۆكۈندى، كەسپىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى.

مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان يەنە بىر بىمار دوختۇرخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ كېسەلنىڭ ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر ئىدى، ئايىنۇر بۇ كېسەلگە ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ داۋالىدى، ھەتتا يۇقىرىدىن دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى، ئەمما ساقايمىدى. بارا - بارا بىمارنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى يار بەرمىگەندىن كېيىن دوختۇرخانا ۋە جەمئىيەتتىكىلەر يىغىش قىلىپ قىممەت باھالىق دورىلارنى ئەكەلدۈرۈپ يېگۈزدى، ئۈنۈمى بولمىدى. بىمارنى يارچە ئامالىلار بىلەن داۋالاپ بېقىپ ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەندىن كېيىن ئۇنى ئاخىرەتلىككە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇمۇ ئايىنۇرنى ناھايىتى ئازابلىدى، بىمار روھى چۈشكۈن ھالدا دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان ئايىنۇر دوختۇرنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ نېمە دېيىش، نېمە قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى...

ئۈچ ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىمارلارنىڭ رېتسېپ، ئارخىپلىرىنى ئالدىراش - تېنەش رەتلەۋاتقان ئايىنۇر «قىزىم، قانداق ئەھۋالىڭىز؟» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ تېز سۈرئەتتە كەينىگە قارىدى. ھېلىقى تېزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ، دەپ دىياگنوز قويۇلغان بىمار كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. ئايىنۇرچە بولغاندا بۇ ئايال ئاللىقاچان كۆز يۇمغان ئىدى، بىراق...

— چوڭ ئاپا، قەيەردىن كېلىشىڭىز!؟ — دەپ سورىدى ئايىنۇر ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا.

موماي ئۆزىنىڭ بۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەتمەي، ئۇدۇللا ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا بېرىپ داۋالانغانلىقى ۋە ئىككى ئايدەك داۋالىنىش ئارقىلىق سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆز ۋاقتىدا شۇنچە داۋالىسىمۇ ساقايمىغان، چىرايى تاتىراڭغۇ مومايىنىڭ شۇ تاپتا مەڭزى قىزىرىپ، پارقىراپ تۇراتتى. ئايىنۇر ھەيرانلىق ئىچىدە مومايىنىڭ رېتسېپىنى قايتىدىن كۆرۈپ باقتى، دەرۋەقە ئىككى ئاي ئىلگىرىكى رېتسېپنى قەغىزى بىلەن ھازىرقىسى تۈپتىن پەرقلىنەتتى، ئۆپكىدىكى خېلىلا چوڭ كاۋاكچە تولۇق ساقىيىپ كەتكەنىدى، بۇنى ساقايتقىنى غەرب ياكى جۇڭيى تېبابىتى بولماستىن ئۇيغۇر تېبابىتى ئىدى! غەرب تېبابىتىدە ئوقۇغان، غەرب تېبابىتى داۋالىيالمىغان كېسەللەرنى باشقا تېبابەتنىڭ داۋالاپ ساقايتالايدىغانلىقىغا ئەسلا ئىشەنمەيدىغان، ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئايىنۇرنىڭ قەلبىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تېبابىتىگە بولغان قايىللىق قوزغالدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە بىر بىمارمۇ ئايىنۇرنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۈگەپ كەتتى، بۇ خىل ئەھۋاللارغا تولا يولۇققان ئايىنۇر دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىپ ئاندىن ئىشلەش ھەققىدە ئىلتىماس سۇندى، دوختۇرخانا رەھبەرلىكى خىزمەتكە چۈشكىلى ئەمدىلا ئىككى يىلدىن ئازراقلا ئاشقان بۇ ياشنىڭ ئىلتىماسىنى كۆپ تەرەپلىمە ئويلىشىش ئارقىلىق تەستىقلىدى. ئەسلى قائىدە بويىچە بولغاندا خىزمەتكە چۈشۈپ ئۈچ يىل بولمىغۇچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلمەيتتى، ئەمما ئايىنۇر ئادەتتىكى ئەھۋالدىمۇ خىزمەتنى بېرىلىپ، ناھايىتى ئەستايىدىل

ئىشلەيدىغان بولغاچقا، يەنە كېلىپ ئۇ داۋالاش تولىمۇ قىيىن بولغان بىر كېسەلنى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە باشقا مۇتەخەسسىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاپ ساقايتقان بولغاچقا، دوختۇرخانا ۋە ناھىيە رەھبەرلىرى بۇ ياشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا دوختۇرخانا رەھبەرلىكى ئاينۇرنى كەسپىي جەھەتتە تېخىمۇ تەربىيەلەپ مۇھىم تايانچ كۈچكە ئايلاندۇرماقچى بولدى... شۇنداق قىلىپ ئۇ ئانا مەكتىپى — شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىككى يىللىق تەربىيەلىنىشكە ئەۋەتىلدى.

ئۇ بۇ جەرياندا تېخىمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئۈچۈن ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەردى ۋە تۇنجى يىلى ئىنگلىز تىلىدا بىر نومۇر كەملىگەچكە ئۆتەلمىدى، ئىككىنچى يىلى قايتا ئىمتىھان بېرىپ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭيى - ئۇيغۇر - غەرب تېبابەتچىلىكىنى كىلىنىكىدا بىرلەشتۈرۈش كەسپىگە قوبۇل قىلىندى. ئاينۇر ئاسپىرانتلىققا ئۆتكەندىن كېيىن دوكتور خالمۇرات غوپۇر ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇ شۇ يەردە تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇدى، ھەتتا ئۈچ ئايغىچە «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قامۇسى»نى بىر باشتىن يادلاپ چىقتى... ئۇ بۇ يەردە ئالتە ئاي ئوقۇش جەريانىدا يەنە غەرب ۋە جۇڭيى تېبابىتىدە داۋالاش قىيىن بولغان ئاق كېسەل ۋە كالا تەمرەتكىسى قاتارلىق كېسەللەرنىمۇ ئۇيغۇر تېبابىتىدە سەللىمازا ساقايتىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، بۇ ساھەگە بولغان ئىشتىياقى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش جەريانىدا ئۇيغۇر تېبابىتىدە بارلىق غەيرىي كېسەللەر(مەسىلەن: ئۆسمە، دىيابېت، يۇقىرى قان بېسىمى...)نىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدىغان غەيرىي تەبىئىي سەۋدانىڭ ھايۋانات مودېلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئىشلىدى ۋە مۇشۇ تۈر بويىچە ئاسپىرانتلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى تاماملاپ ئۇستازلىرى، مۇتەخەسسىلەرنىڭ قىزغىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە نائىل بولدى.

ئاسپىرانتلىقنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان ئاينۇر مۇھەممەدىسدىق ئۇستازى خالمۇرات غوپۇرنىڭ تەكلىپى بىلەن دوكتورلۇقنىمۇ ئۇلاپ ئوقۇش قارارىغا كەلدى ھەم 2007 - يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە دوكتورلۇقنى ئوقۇشنى باشلىدى. ئۇنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىمۇ ھە دېگەندىلا چوڭ تەتقىقات تېمىسى ئىشلەش بىلەن باشلىنىپ كەتتى، يەنى 3 مىليون قىممىتىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرى بولغان — شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تېبابەت مۇتەخەسسىلىرى(كەم بولغاندا 30 كىشى بولۇشى كېرەك) ۋە ئۇلارنىڭ كېسەللەرگە دىياگنوز قويۇش تەجرىبىسى، رېتسېپلىرىنى يىغىپ، توپلاش تەتقىقات تۈرىنى مۇستەقىل قولغا ئالدى. ئۇ ئاۋۋال دوكتور خالمۇرات غوپۇرنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن بىر يىلغىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىملىرىدىن دەرس ئالدى، شۇنداقلا ئۇلارغا ئەگىشىپ زامانىۋى ئۇسكۇنىلەر ۋە غەرب - جۇڭيى تېبابىتىدە دىياگنوزى ئېنىق بولسىمۇ لېكىن ئۇيغۇر تېبابىتىدە دىياگنوز قويۇلۇپ باقمىغان، داۋالانمىغان بىمارلارغا ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە دىياگنوز قويۇش، نەق مەيداندا رېتسېپ يېزىش ۋە داۋالاش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ ھەم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەتقىقات تۈرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن تەسىرلىك ئىش - ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى، ئاشۇ ئۇستازلارنىڭ تومۇر تۇتۇش، دىياگنوز قويۇش، داۋالاش جەريانىدىكى كەسىپكە بولغان ئوتتەك مۇھەببىتى ئۇنى تولىمۇ قايىل قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان ئىشتىياقىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولدى. ئاينۇرنىڭ ئۈچ يىل جەريانىدا ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى بۇ ئالىملارغا ئەگىشىپ ئىشلىگەن، ئۆگەنگەن ۋاقتى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلماس مىنۇتلاردۇر. ئۇ ھەر قېتىم ئاشۇ ئۇستازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ھەققىدە توختالغىنىدا ئۇستازلىرىغا بولغان قايىللىق ۋەجىدىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدۇ...

ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇش جەريانىدىكى مۇشۇ ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا «30 خىل كېسەللىكنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى» توغرىسىدىكى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى تاماملاپ كەسپداشلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە نائىل بولدى. ئۇنىڭ مۇشۇ تەتقىقاتى ئاساسىدا چىقىرىلغان ئۆلچەم ھازىر خېلى كۆپ قىسىم ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

ئاينۇر مۇھەممەدىسدىق ھازىر ئۆز ساھەسىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش بىلەن بىرگە ئوقۇ - ئوقۇتۇش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئۇيغۇر تېبابىتى تەتقىقات قوشۇنى ئۈچۈن سەرخىل كۈچلەرنى تەربىيەلەپ چىقماقتا، بىز بۇ تىرىشچان ياش تەتقىقاتچى، تەلەپچان ئۇستازنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمىتىگە ئۇتۇق، تېنىگە سالامەتلىك تىلەيمىز.

مۇھەررىر: ئالىم كېرىم كۆكئالىپ
ئېلخەت: alimkerim@sina.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بوشلۇقتىكى باغچە

(نەسر)

تەلئەت قادىرى

بۇ مېنىڭ ساياھەتتىكى ۋاقتىم ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ساياھەت ئۆمىكىدىكىلەر يەنە بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق ۋە 20 قەۋەتلىك بىر مېھمانسارايغا چۈشتۇق. بىز لىفتتا چىقىپ، لىفتنىڭ بىر تەرىپىگە يېزىپ قويۇلغان «مېھمانسارايىنىڭ 20 ـ قەۋىتى بوشلۇقتىكى باغچە» دېگەن خەتكە قىزىقىپ قالدۇق ـ دە، كەچلىك تاماقتىن كېيىن «بوشلۇقتىكى باغچە»نى سەيلە قىلماقچى بولۇشتۇق.

ئەپسۇس، «بوشلۇقتىكى باغچە»غا لىفت چىقمايدىكەن، بىز بۇ باغچىنى كۆرۈش ئۈچۈن چوقۇم پەلەمپەي بىلەن چىقىشىمىز لازىمكەن. بۇ ئىش ھەممەيلەنگە بىرئاز غەلىتە بىلىنگەچكە، بىر مۇنچە بەس ـ مۇنازىرىگە سەۋەب بولدى.

— بۇ زادى قانداق ئىش دەيمەن، نېمىشقا 19 ـ قەۋەتكىچە لىفت ئورنىتىپ، 20 ـ قەۋەتكە لىفت ئورناتمايدۇ؟ ناھايىتى بىر قەۋەتنىڭلا ئىشىغۇ. تايىنلىق پۇلغا چىدىمىغان گەپ.

— بۇ ئادەمنى ئەخمەق قىلغانلىق بولماي نېمە؟ ئەجەپمۇ ئەرۋاھىم ئۇچتى دېسە.

— مەن 20 ـ قەۋەتكە ھەرگىز مېڭىپ چىقىپ بولالمايدىمەن، خالىساڭلار سىلەر چىقىڭلار. مېنىڭ ئۇ باغچىنى كۆرمىگىنىمگە بىر يېرىم پۇچۇق بوپ قالماس.

— «بوشلۇقتىكى باغچە» دېگەن بىلەن تايىنلىق شەھىرىمىزدىكى يەردىكى باغچىغا ئوخشاشتۇ ھەقاچان، بەك پەرقى بولسا بىنانىڭ ئۆگزىسىگە سۇنئىي ئۇسۇلدا ياساپ چىققان بىر باغچە شۇ.

— بۇلار بىزنى ئۆمرىدە باغچە كۆرۈپ باقمىغان ئادەملەر، دەپ قالغان ئوخشايدۇ! باغچە دېگەن گۈل ـ گىياھ، ئۆسۈملۈكلەر بار يەرنىڭ ھەممە يېرىدىلا بارغۇ! تازىمۇ بىر...

ئىنسان بەزىدە ئەنە شۇنداق تاللاش بىلەن ۋاز كېچىش ئاچىلىدا تۇرۇپ قالغاندا، دەماللىققا قانداق قىلىشنى بىلەلمەيدۇ ـ دە، بىرھازا گاڭگىراپ قالىدۇ ۋە كەينىدىنلا تاللاشقا قارىغاندا ۋاز كېچىشنىڭ ئاسانلىقىنى ئويلاپ، ۋاز كېچىشنى تاللىۋالىدۇ. مانا مەنمۇ شۇ تاپتا ھەمراھلىرىمغا ئوخشاشلا تاللاش سىنىقىغا دۇچ كېلىۋاتاتتىم. «سەن قانداق قىلماقچى؟» دەيتتىم ئۆزۈمگە. «نېمە، سەنمۇ ۋاز كېچەي دەمسەن؟». بىزدە كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، دېگەن گەپ بار. ئېھتىمال، ئەسلي كۆرۈنمىگەن تاغمۇ يىراق ئەمەستۇ. مەن ئويلايتتىم، بۇ كىچىككىنە دوقال مېنى نۇرغۇن نەرسىلەر ھەققىدە ئويلاندۇرۇۋاتاتتى، ھېس قىلىۋاتاتتىم، چۈشىنىۋاتاتتىم. شۇنداق، بىر ئادەم ئۈچۈن تاللاش بىلەن ۋاز كېچىشنىڭ ھەر ئىككىسى يەنىلا بىر خىل تاللاش. لېكىن بەزىدە سېنىڭ قايسىنى تاللىشىڭ، قانداق نەرسىگە ئېرىشىشىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھاياتتا ئوڭاي قولغا كەلگەن نەرسە بىلەن تەستە قولغا كەلگەن نەرسىنىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ تەڭ بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ھەمراھلىرىم بىر ـ بىرلەپ چېكىنىپ كەتتى. مەن بولسام بىردەم ئىككىلەنگەندىن كېيىن، ئاخىرى «بۇ زادى قانداق باغچىدۇ، چىقىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقايچۇ» دېگەن قارارغا كەلدىم ـ دە، 1 ـ پەلەمپەيگە پۇتۇمنى ئالدىم. مەن شۇ تاپتا قانداقتۇر سىلىق تاش ياتقۇزۇلغان پەلەمپەيگە ئەمەس بەلكى تاللاشتىن ئىبارەت ھەر بىر پەلەمپەيگە بىر ـ بىرلەپ دەسسىگىنىمچە يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەۋاتاتتىم. قانچىنچى قەۋەتكە چىققانلىقىمنىمۇ بىلەلمەيتتىم، چۈنكى بۇلار ھەر بىر قەۋەتنىڭ تېمىغا قەۋەت نومۇرىنى يېزىپ قويمىغانىدى. مەن خېلى ۋاقىت ماڭدىم، بىر چاغدا پۇتلىرىم ئاستا ـ ئاستا تېلىشقا، ئارقىدىن سىرقىراپ ئاغرىشقا، بەدىنىم چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈشكە باشلىدى. لېكىن مەن يەنىلا ئۈستىگە قاراپ مېڭىۋەردىم. شۇ تاپتا ماڭا تۇرۇپلا پۇتلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتىپ، پەستىكى مەلۇم بىر قەۋەتتە قېپقالغاندەك، مەن بولسام ئۈستۈنكى تەرىپىمنى كۆتۈرۈپ يېنىپ چىققاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. نەپىسىم ئۆپكەمگە تىقىلىپ قېلىۋاتاتتى، يۈرىكىم تېزلىشىۋاتاتتى، قان بېسىمىم ئۆرلەۋاتاتتى، تېنىمدە جان دېگەن نەرسە قالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەجەبا، 20 قەۋەت دېگەنمۇ مۇشۇنداق ئېگىز بولامدىغاندۇ؟ بىزنىڭ ئېگىز بىنادا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ توك توختاپ قالسا، پەسكە چۈشمەسلىكىدىكى سەۋەب مۇشۇ ئىكەن ـ دە.

مەن بىردەم توختاپ قالدىم، بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئۆگزىنى كۆرەلمىدىم. پەسكە قارىدىم، ئاستىمدا چوڭقۇرلۇق، مەن گويا بۇ يەرگە ئېسىلىپ قالغاندەك ئىدىم. «قايتىپ چۈشەيمۇ؟ بولدى قىلايمۇ ـ يا؟» دېگەندەك خەتەرلىك بىر تەۋرىنىش ۋە داۋالغۇش ۋۇجۇدۇمنىڭ نامەلۇم بىر يەردىكى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا پەيدا بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن چۆچۈپ كەتتىم، ماڭا تەئەللۇق روھ چۆچۈپ كەتتى. «نېمە، سەن بەل قويۇۋەتمەكـ

چىمۇ؟ سەن ئۈمىدنىڭ قاپ بېلىدىن ئۈمىدسىزلىكنىڭ يۇمشاق-
قىنە باغرىغا سىيرىلىپ كەتمەكچىمۇ؟ بىلگىنكى، تەۋرىنىش
ئىنسانىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى يولىنى توسۇپ تۇر-
غۇچى ئەڭ چوڭ قورام تاش، سەن مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن
ئالدى بىلەن روھىڭدا ئىككىلىنىش، توسالغۇ پەيدا قىلىۋاتقان
بۇ قورام تاشنى ئېلىۋېتىشىڭ كېرەك، بولمىسا سەن مەڭگۇ
ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيسەن، كۆزلىگەن نىشانىڭغا يېتەلمەيسەن.
ئىنسان ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئارىسىدا قالغاندا، بە-
زىدە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈمىدسىزلىك شۇنداق چىرايلىق كۆرۈ-
نۈپ كېتىدۇكى، ئۈمىد بولسا كۆز يەتكۇسىز يىراقلاردىكىدەك،
مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغاندەك، تولىمۇ جاپالىق بىر نەرسى-
دەك بىلىنىدۇ، شۇڭا دەرھال ۋاز كەچكۈڭ كېلىدۇ، ۋاز كې-
چىشتىن ئىبارەت بۇ تۇيغۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىڭغا گويا شىپاھى
مەلھەمدەك تاراپ ساڭا خۇش يېقىپ كېتىدۇ. بىراق شۇنى بە-
لىپ قالغىنكى، ھازىر سەندە يۈز بېرىۋاتقان بۇ خىل ‹تەۋرە-
نىش كېسىلى›نى پەقەت سەندىكى ئۈمىد ۋە ئىرادە تېۋىپىدىن
باشقا، دۇنيادىكى ھېچقانداق ئۇستا تېۋىپمۇ داۋالىيالمايدۇ،
ساقايتالمايدۇ.»

مەن ئۆزۈمدىن ئۆزۈمگە كېلىۋاتقان بۇ ئاگاھلاندۇرۇش-
تىن كېيىن، بىراقلا ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك بولدۇم ـ دە، با-
يىقى ئۈمىدسىز، مىسكىن روھىم ئالىقاچان كىيشكە ئۆلگۈر-
گەن ساختا ۋە رەڭدار يالتىراق چاپىنىمنى ئۇچامدىن دەرھال
سالغىنىمچە نەلەرگىدۇر ئېتىۋەتتىم. ئاندىن ھەقىقىي كۈچ ـ
قۇدرەت ۋە ئۈمىدۋار، قەيسەر روھنىڭ بەلگىسى بولغان دۇ-
بۇلغا ـ ساۋۇتنى ئۇستىبېشىمغا قايتىدىن كىيدىم، سەپىرىمنى
توختاپ قالغان جايىمدىن قايتا داۋاملاشتۇردۇم. نېمىشقىدۇر
ئەمدى بىراقلا روھلىنىپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتاتتىم، پۇتلى-
رىممۇ تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر تۇيۇلماستىن،
بەلكى خۇددى قۇشنىڭ بىر جۈپ قانىتىدەك يەڭگىل بىلىنىۋا-
تاتتى. ئەسلىدە ئادەم يىقىلغان جايىدا ئورنىدىن تۇرۇشنى
ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك. دېمىسى-
مۇ، مەن بايا بىر قېتىم دەھشەتلىك يىقىلىشنى باشتىن كەچۈر-
دۈم، شۇنداقلا يەنە يىقىلغان جايىدا ئورنۇمدىن دەس تۇر-
دۇم، يېڭىدىن باشلىدىم. بەلكىم بۇ قېتىمقى يىقىلىشىم مېنىڭ
كېيىنكى يىقىلىشلىرىم ئۈچۈن ئۈنتۈلماس ساۋاق بولۇپ قالار.

ئەي دوستلىرىم، تۇۋا دەيمەن، مانا ئەمدى ھېچقانچە
كۆچمەيلا بىر دەمدە بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقىپ
قالغاندىم. قارىغاندا ئەسلىدە چارچىغىنى تېنىم بولماستىن،
ئەكسىچە روھىم ئىكەن ئەمەسمۇ!

بىراق، شۇ پەيتتە ئالدىمدىكى ئىشىكنىڭ بېشىغا 20 ـ قە-
ۋەت دېگەن رەقەم ئەمەس، بەلكى 50 ـ قەۋەت دېگەن رە-
قەمنىڭ يېزىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەسلەپ ئازراق تە-
ئەججۈپلەندىم، بىراق ئارقىدىنلا بۇلارنىڭ نېمىشقا ھەر بىر
قەۋەتكە قەۋەت نومۇرىنى يازمىغانلىقى ھەمدە «بوشلۇقتىكى
باغچە»نىڭ قەۋەت سانىنى قەستەن 20 ـ قەۋەت دەپ يېزىپ
قويۇشىنىڭ سەۋەبىنى دەرھال چۈشەنگەندەك بولدۇم ـ دە،
ئىچىمدە كۈلۈپ قويدۇم.

مانا، ئالدىمدا «بوشلۇقتىكى باغچە»غا چىقىش ئىشىكى
تۇراتتى. بۇ مەن بايىدىن بېرى شۇنچە جاپا تارتىپ 50 قەۋەت-
نى بېسىپ چىقىپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بىر باغچە، يەنە كېلىپ
مەن تۇنجى قېتىم كۆرمەكچى بولغان «بوشلۇقتىكى باغچە» ئى-
دى. مەن بىر خىل ھاياجان بىلەن جىددىيلىك ئۆزئارا گىرەلى-
شىپ كەتكەن تۇيغۇدا، «بوشلۇقتىكى باغچە»غا چىقىش ئىشىك-
نى ئاچتىم ـ دە، چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ھەيران قالارلىق بىر
تاسادىپىيلىققا دۇچ كەلدىم ۋە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. مەن
قاتتىق ھەيران قالغان شۇ پەيتتە، بەلكىم سىلەر بۇ باغچىنىڭ
ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمىغىدەك دەرىجىدىكى گۈزەللىكىنى
ئويلاۋاتقان بولۇشۇڭلار مۇمكىن. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ئالدىمدا
نەدىمۇ سىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، سىلەر ئويلىغاندەك، مەن
بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق گۈزەل باغچە بولسۇن؟
ئەكسىچە، كۆز ئالدىمدا باغچە دېگەندىن ئەسەرمۇ بولمىغان،
بىنانىڭ قۇپقۇرۇق ۋە كەڭ سېمونت ئۆگزىسى تاشلىنىپ تۇ-
راتتى. بۇ ئىشتىن كاللام بىرھازا قېتىپ قالغاندەك بولدى.
بىرئازدىن كېيىن گويا بىرەرسى تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنىشقا
ئۇچرىغان ئادەمدەك بىر ھېسسىياتتا كەينىمگە بۇرۇلۇشۇمغا،
ئالاھىدە ياسالغان تاش ئابىدىنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغان يۈزى-
دە گەۋدىلىنىپ تۇرغان خەتلەرگە كۆزۈم چۈشتى ۋە يېقىن
بېرىپ ئوقۇشقا باشلىدىم، ئۇنىڭغا مۇنداق يېزىلغانىدى: بىز
سىزنىڭ 50 قەۋەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ، «بوشلۇقتىكى
باغچە»مىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىڭىزنى قىزغىن قارشى
ئالىمىز. بىراق تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ يەردە ھەرگىزمۇ سىز
ئويلىغاندەك ئۇنداق گۈزەل باغچە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.
ھەقىقىي گۈزەل باغچە دەل سىزنىڭ روھىڭىزدا، ھەقىقىي گۈ-
زەل باغچە بايا سىز بېسىپ چىققان ئەشۇ 50 قەۋەتتە، ئاشۇ
قەۋەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان پەلەمپەيلەردە. سىز
بايا ئۆزىڭىزمۇ سەزمىگەن ھالدا روھىڭىزدىكى ئاشۇ گۈزەل
باغچىنى ئايلىنىپ بۇ يەرگە چىقتىڭىز. دېمەك شۇ نەرسە ئاياد-
كى، پەقەت ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھەقىقىي باغچە يارىتا-
لىغان ئادەملا، ھاياتىدا رەڭگارەڭ خۇشپۇراق گۈل ـ چې-
چەكلەرنى ئېچىلدۇرالايدۇ.

دوستلىرىم، سىلەر مەن بىلەن بىللە ئاشۇ تاش ئابىدىگە
پۈتۈلگەن قۇرلارنى ئوقۇۋاتقاندا، مېنى بىرسى ئويغىتىۋەتتى.
ياق، مېنى چۈشۈم ئويغىتىۋەتتى، ياق، چۈشۈم مېنى ئەمەس،
مەن چۈشۈمنى ئويغىتىۋەتتىم. ئەڭ توغرىسى «بوشلۇقتىكى
باغچە ئىدىيەسى» مېنى ئويغىتىۋەتتى. مەن ئويغانغاندا، ئۆ-
زۈمنىڭ ھاياتنىڭ قاپ بېلىدە تۇرغانلىقىمنى كۆردۈم، بۇنىڭ
ئۆزى ئاجايىپ بىر ئويغىنىش ئىدى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
پەن ـ تەتقىقات ئاكادېمىيەسىدە)

مۇھەررىر: نۇرگۈل روزى
ئېلخەت: 1448746602@qq.com

www.uyghurkitap.com


# تۇرمۇش گۈزەللىكى



مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئەتىگەندە، تاماقتىن كېيىن، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ياكى ئاچ قورساق ماروژنى يېمەسلىك، تېنى ئاجىز، ئاشقازان ۋە ئۈچەيى ياخشى ئەمەسلەر، دىيابېت، سېمىزلىك، يۇقىرى قان بېسىم ئاغرىقلىرى ۋە سۈت رېئاكسىيە قىلىدىغانلارمۇ ماروژنى يېمەسلىكى لازىم ئىكەن.

## بانان پوستىنىڭ شىپالىق رولى

30～60 گرام بانان پوستىنى قايناتىپ ئىچىپ بەرسە، يۇقىرى قان بېسىمنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

30 گرام بانان پوستىنى قايناتىپ چاي ئورنىدا ئىچىپ بەرسە، قان تومۇرلارنى كېڭەيتىپ، سەكتە ۋە يۈرەك سانجىقىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئۈچ دانە بانان پوستىنى دۈملەپ پىشۇرۇپ، ئىستېمال قىلغاندا بوۋاسىرنى يېنىكلىتىپ، قانلىق تەرەتكە ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ.

## يالغان كىرپىكنىڭ زىيىنىنى بىلەمسىز؟

بەزى قىزلار يالغان كىرپىك تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. لېكىن دائىم يالغان كىرپىك تاقىغاندا، كۆز ئەتراپىدىكى تۈك تۆشۈكچىلىرىنى توسۇۋېلىپ، ياللۇغلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بازاردا سېتىلىۋاتقان يالغان كىرپىكلەرنىڭ سۈپىتى ناچار بولۇپ، بەزىلىرى ھايۋاناتنىڭ تۈكىدىن ياسالغاچقا، تاقاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇنۇپ كېتىدۇ، ناۋادا كۆزگە كىرىپ كەتسە كۆز قارىچۇقى زىيانغا ئۇچراپ، كىرپىك چۈشۈش، نۇر يىغالماسلىق قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كۆز قارىچۇقى زەخمىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، باكتېرىيىلەر ناھايىتى ئاسانلا كۆزگە كىرىپ، كۆز قارىچۇقى ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئېغىر بولغاندا كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش، قارىغۇ بولۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ئادەتتە كىرپىكنىڭ قۇم، چاڭ - توزاننىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىنى توسۇش، شۇنداقلا تەر، ياش ۋە باشقا زىيانلىق ماددىلارنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى توسۇش رولى بار. لېكىن دائىم يالغان كىرپىك تاقىغاندا، ئەسلى كىرپىكنىڭ پاكىزلىقىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. كىرپىكنىڭ يىلتىزىدا تەر ھەم ماي بەزلىرى بولۇپ، يالغان كىرپىكنى بەك ئۇزۇن تاقىسا، تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ تەر چىقىرىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ، تۈك خالتىسى ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## ماروژنىنى كۆپ يېمەڭ

ماروژنى تۈرلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەممۇ ھەرخىللىشىپ، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا نائىل بولماقتا. ئەمما ماروژنى تەركىبىدىكى شېكەر ماددىسى ناھايىتى ساپ، ماروژنى سوغۇقلۇق بولغاچقا، ناۋادا ھەر كۈنى يېسە بەدەننى غىدىقلاپ، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە، ماروژنىنى سېمىز باللار كۆپ يېگەنسېرى سەمرىپ كېتىدۇ. ئورۇق باللار يېگەنسېرى ئورۇقلاپ كېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، سېمىز باللارنىڭ بەدىنىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ماروژنى تەركىبىدىكى ياغ ۋە شېكەرنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلىۋالىدۇ - دە، سەمرىپ كېتىدۇ. ئورۇق باللارنىڭ بولسا بەدىنى ئاجىز ھەم تاماق تاللايدۇ. ماروژنىنى كۆپ يېگەندە تاماق تاللاشتەك بۇ يامان ئادەتنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.



## سەپكۈننى يوقىتىدىغان يېمەكلىكلەر

شوخلا شەربىتى. كۈندە بىر ئىستاكان پەمىدۇر شەربىتى ئىچىش ياكى كۈندە پەمىدۇر يېيىش ئارقىلىق سەپكۈننى داۋالىغىلى ھەمدە ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

لىمون — مۇز شەربىتى. لىمون شەربىتىگە ئازراق مۇز قوشۇپ ئىچىپ بەرگەندە، تېرىنى ئاقارتىپلا قالماستىن، تېرە قان - تومۇرلىرىنىڭ قېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

قارا قېرىنقۇلاق - چىلان شورپىسى. قارا قېرىنقۇلاقتىن 30 گىرام ، چىلاندىن 20 گىرام ئېلىپ مۇۋاپىق سۇدا يېرىم سائەت قايناتقاندىن كېيىن، كۈندە ئەتىگەن ھەم كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىچىپ بەرسە، سەپكۈننى يوقىتىپ، ئورۇقلىتىدۇ.

## كولانىڭ بىرقانچە خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى

1 كولانى ھاشارات تۇتۇش ئۇسكۈنىسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر كولانى چوڭراق قاچىغا قۇيۇپ، ھاشاراتلار كۆپرەك جايغا قويۇپ قويساق ھاشارات يوقايدۇ. چۈنكى، كولانىڭ پۇرىقى ھاشاراتلارنى جەلپ قىلىدىغان بولۇپ ھاشاراتلار قاچىغا چۈشسىلا ئۆلۈپ قالىدۇ.

2 كولا قازانغا چاپلىشىپ قالغان نەرسىلەرنى ئاسانلا چىقىرالايدۇ. كۆكتات شورپىسى قايناتقاندا كۆكتات ئاسانلا قازانغا چاپلىشىپ قالىدۇ، بەزىدە يۇيۇپمۇ چىقارغىلى بولمايدۇ، بۇ چاغدا قازانغا كولا قۇيۇپ قايناتسا چاپلىشىپ قالغان قالدۇقلار چىقىپ كېتىدۇ.

3 كولا يېڭى سۈرەتلەرنى كونا سۈرەتلەرگە ئايلاندۇرالايدۇ. بۇنىڭدا يېڭى سۈرەتلەرنىڭ يۈزىگە ئاز مىقداردىكى كولانى سۈرتۈپ ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتسىلا بولىدۇ. ئەمما، سۈرەت بەك ھۆل بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى رەڭسىز سۈرەتلەرگە قوللانسا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

4 كولا سىلىقلاش مېيىنىڭ رولىنى ئۆتىيەلەيدۇ. ئادەتتە داتلىشىپ كەتكەن بولتىلارنى چۇۋۇش ناھايىتى تەس. ئەگەر چۇۋۇماقچى بولغان بولتىلارغا بىرقانچە تامچە كولانى تېمىتىپ، بىرقانچە سائەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن چۇۋۇسا ناھايىتى ئاسانلا چۇۋۇغىلى بولىدۇ.

5 كولا چاچنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلايدۇ. ئەگەر چاچ بەك قۇرغاقلىشىپ كەتسە، چاچنى كولا بىلەن نەمدەپ بىر ئاز ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتقۇچتا قۇرۇتقاندا چاچنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىدۇ.

6 كولا كونا تەڭگە پۇلنى يېڭىغا ئايلاندۇرالايدۇ. كونا تەڭگە پۇلنى كولاغا چىلاپ قويۇپ، ئاندىن سۈزۈۋالغاندا تەڭگە پۇل يېڭى، پارقىراق ھالەتكە كېلىدۇ. ئەگەر بىر قىسىم زىننەت بۇيۇملىرىنى كولاغا چىلاپ، ئاندىن چىش چوتكىسى بىلەن چوتكىلىسا پارقىراق ھالەتكە كېلىدۇ. ئەمما، ئالماس تۈردىكى زىننەت بۇيۇملىرىغا بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

7 كولا چۆگۈندىكى سۇ داغلىرىنى چىقىرالايدۇ. كولانى سۇ داغلىرى بار چۆگۈنگە قۇيۇپ بىر كۈن تۇرغۇزۇپ، ئىككىنچى كۈنى تازىلىغاندا چۆگۈننىڭ ئىچىدىكى چاپلىشىپ قالغان سۇ داغلىرىنى پاكىز تازىلاپ چىقارغىلى بولىدۇ.

8 كولا يەنە ناھايىتى ياخشى تەم تەڭشىگۈچ بولالايدۇ. كولا بىلەن پەمىدۇرنى بىردە بىر نىسبەت بويىچە ئارىلاشتۇرغاندا، ئۇنى ئىنتايىن تەملىك كاۋاپ قىيامى قىلغىلى بولىدۇ. كاۋاپ پىشۇرۇشتىن بۇرۇن بۇ قىيامنى گۆشكە سۈرۈپ پىشۇرغاندا ئۆزگىچە تەملىك بولىدۇ.

مۇھەررىر: پەرىدە تۇردى
ئېلخەت: paridaturdi@126.com

ئېلى تۇرسۇن ئەلتۇغ
ھۆسنخەت ئەسەرلىرىدىن











مۇھەررىر: ئەنەسجان مۇھەممەت ئېلخەت: 1808294437@qq.com



تويلۇق®
TOYLUK
ھەر بىر كۈنىڭىز تويدەك ئۆتسۇن،
ھەر كىيگىنىڭىز تويلۇق بولسۇن.
ئادرېسى: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھەر
تەڭرىتاغ رايونى ئىتتىپاق يولى 391 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 ـ 8531007 فاكس: 0991 ـ 2870329
www.toyluk.com
پوچتا نومۇرى: 830049